

# شەپەق

ئوقۇغۇچىلار ئۇنىۋېرسال پەسىللىك ژۇرنىلى

1/2020 - سان

رامىزاننىڭ روھى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى

تارىخنى قانداق ئوقۇيمىز؟

ئىسلامدىكى كرىزىس-مائارىپ

مېنىڭ كەسپىم

# بىز كىم؟

بۈگۈنكى كۈندە ۋەتىنىمىزدە پۈتۈنلەي چەكلەنگەن ئانا تىلىمىز يىللار بۇرۇنلا ئاكادېمىك ساھەلەردىن سىقىپ چىقىرىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىستېمال قىممىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تىلىمىزنىڭ خاسلىقى، ئۆز پاساھىتى ۋە قوللىنىشچانلىقىنى قوغداپ قېلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇپ زامانغا ماسلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا، ئەڭ باشتا ھەر قايسى ساھەلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ھەر قايسى دەۋرنىڭ ئىنقىلابلىرى، يېڭىلىقلىرى، بۈيۈك تەرەققىياتلىرى، زۆرۈر ۋەقەلىرى شۇ دەۋرنىڭ ئىلىم ساھەبى بولمىش ئوقۇغۇچى ۋە زىيالىيلىرى تەرىپىدىن قوزغىتىلىپ، يېتەكچىلىك قىلىنىپ كەلگەن. ئوقۇغۇچىلار بىر مىللەتنى، دۆلەتنى قوغداپ قېلىشتا رولى ئەڭ كۈچلۈك جامائەت. چۈنكى ئۇلار كېلەچەكنى يارىتىدىغان ئۇرۇقلارنى ئۆز ئەقلىدە، جىسمىدا، روھىدا ۋە خىزمىتىدە ئېلىپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى، قىلغان ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئۆزى تەۋە بولغان جەمئىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي ئېھتىياجلىرىنى تەمىن ئېتىدۇ. بۇ رولالارنى ئورۇندىيالمىغان بىر ئوقۇغۇچى، بىر زىيالىي ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە ئۇيغۇن ھاياتنى ياشىيالمىغان ئۆزى ۋە مىللىتى ئالدىدا مەسئۇلىيىتىنى ئورۇندىمىغان، ئۆز زاۋاللىقىنىڭ سەۋەبچىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بىز ئوقۇغۇچىلار دەۋرنىڭ بىزگە يۈكلىگەن ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش مەقسىتىدە بۇ ژۇرنالنى ھازىرلاپ چىقتۇق. ژۇرنىلىمىز ھەر قايسى ساھەلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆز بۆلۈم دەرسلىرىدىن ئۆگەنگەن ئاكادېمىك بىلىملەرنى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىش ئارقىلىق تىلىمىزنىڭ ئاكادېمىك مەنبەسىنى موللاشتۇرۇش ۋە چەتئەلدە ئوقۇش مۇساپىسىدە ئۆز تىلىنى ئىپادىلەشتە ئاجىزلاپ كېتىپ ئۆگەنگەنلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلىيەلمەسلىكتىن ئىبارەت ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىرىنچى يىللىقتىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىشقا ئادەتلىنىشنى روياپقا چىقىرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.


ژۇرنال مەسئۇلى: ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى شۇرا ھەيئىتى

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابدۇرېھىم دۆلەت

تەھرىر ھەيئەتلەر: مۇيەسسەر ئەلى

كەۋسەر ئابدۇلئەزىز

مەھبۇبە مۇھەممەتئىمىن

زۇلھايا ئابدۇلئەزىز

لايىھەلىگۈچى: ئابدۇرەشىد ئەمىن



ئەسەر ئەۋەتىڭ، تەكلىپ-پىكىر بېرىڭ

ئېلخەت ئادرېسىمىز: Shepequyghur@gmail.com

# مۇندەرىجە


بىز كۈتتۇاتقان شەپەق 4
دوكتور ئابدۇرېھىم دۆلەت

رامىزانىنىڭ روھى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى 6
ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد تۇرسۇن يۇسۇپ

شەپەقتىن تۇغۇلغان ھېسلار 10
ئابدۇلھەپىز مۇھەممەد سالىھ زىيائىي

سۆز سەنئىتىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئەھمىيىتى 13
مەھبۇبە مۇھەممەتئىمىن

تارىخنى قانداق ئوقۇيمىز؟ 15
مۇيەسسەر ئەلى

ئىسلامدىكى كرىزىس-مائارىپ 21
ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇلھەمىد كەۋسەر

ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى 28
ئابدۇلھەمىد ھەبىبۇللاھ

يانفۇن ۋە بىز 31
ئابدۇلئەزىز مۇھەممەد

مەغرۇر ياشايمەن، «كارامەت رەسسام» 34
سۇبھىنۇر ئابدۇۋەلى زىيابىلىگ

مېنىڭ كەسپىم - ئوقۇتقۇچىلىق 36
كەۋسەر ئابدۇلئەزىز

مېنىڭ كەسپىم - سېستىرالىق 37
ئاسىيە مۇھەممەد

ئويلىغانلىرىم 39
ئىبراھىم ئابدۇغېنى




# بىز كۈتۈۋاتقان شەپەق

-دوكتور ئابدۇرېھىم دۆلەت

**شەپەق نۇردۇر، شەپەق ئۈمىتتۇر.**

مۇھاجىرەتتىكى شۇنچە چەكلىك ۋە قىيىن شارائىتتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن تەشكىللىنىپ بۇنداق ژۇرنالنى چىقارماقچى بولغانلىقى ئادەمنى ھەقىقەتەن ھاياجانغا سالىدۇ.  بۈيۈك ئېقىنلار كىچىك ئېرىقلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن دولقۇن ئۇرالايدۇ. ئەلۋەتتە، ھەممە ئادەم مەندەك ھاياجانلانماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ مۇھىم بىلگەن ئىشلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ ھاياجانلىنىش نۇقتىلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىز مۇھاجىرەتتە ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك، ئەڭ مۇھىمى قىلالايدىغان، ۋەھالەنكى ئۇيغۇرلار ئەڭ سەل قارىغان ئەڭ مۇھىم مۇجادىلە شەكىللىرىنىڭ بىرىدۇر. مەن گەپنى ئۇزارتماي، ژۇرنالنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەھمىيىتى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەي.

**1-ياشلارنىڭ بىر سەھنىسى بولىدۇ.**

ھەر ئىنسان ھاياتىدا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئىپادە قىلغىدەك بىر سەھنە ئىزدەيدۇ. سەھنە پۇرسىتى بولمىغانلارنىڭ ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى بايقاش، ئىپادىلەش ۋە ئېرىشكەن ئىنكاس، باھالارغا ئاساسەن ئۆزىنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈرۈش پۇرسىتىمۇ بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن خىيالىدىكى ئۆزى بىلەن رېئاللىقتىكى ئۆزىنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى چۈشىنەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۆزىنى بوش چاغلىغان بىرسى، سەھنىدىكى ئىپادىسىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى تېپىۋالسا، ئۆزىنى بەك قالتىس چاغلايدىغان بىرىمۇ، باشقىلارنىڭ باھاسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەددىنى بىلىۋالىدۇ. بىر ئىنسان ئۈچۈن ئۆزى ھەققىدە لىللا بىر تونۇشقا ئىگە بولۇشنى ئۇنىڭ ساغلام بىر كىشىلىككە ئىگە بولۇشىنىڭ ئاساسى دەپ قاراش خاتا بولمايدۇ، تەجرىبىلىرىم ماڭا شۇنى ئېيتتىكى، ئىنساننىڭ ھاياتتىكى مەغلۇبىيەتلىرى تولا ھاللاردا ئۆزىنى توغرا ئورۇنغا قويالماسلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ بولۇپمۇ ياشلار ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم، چۈنكى، ئۇلار ئۆزىنى سەھنىدە ئىپادىلەش بىلەن بالدۇرراق باشقىلارنىڭ باھاسىغا ئېرىشسە، ئۆزىنى قايسى نۇقتىدىن تۈزىتىش، ئىسلاھ قىلىش ھەققىدە مۇھىم يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلەيدۇ. مەنچە بۇ ژۇرنال بىزنىڭ ياش ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا ئۆزىنىڭ ئوي – پىكىرلىرى، ھېس – تۇيغۇلىرى، ئىزتىراپلىرىنى ئوچۇق ئىپادىلەيدىغان بىر سورۇنغا ئايلانغىنىدا، بۇ سورۇنغا دادىل ئىشتىراك قىلىدىغانلار كۆپەيگىنىدە، بىز ئۆزىمىزنى تارتىدىغان بىر تارازىغىمۇ ئېرىشكەن بولىمىز.

**2-بىر ئاقارتىش ئوچىقى بولىدۇ.**

مېنىڭ قارىشىمچە، بىزنىڭ چەتئەلدە ئوقۇۋاتقانلارنىڭ قىلىشى كېرەك بولغان، شۇنداقلا قىلالايدىغان ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنىڭ بىرى ئاقارتىش خىزمىتىدۇر. گەرچە بىز نادانلىقتىن قاقشاۋاتقىلى يۈز يىلدىن ئاشقان بىر مىللەت بولساقمۇ، ھېلىھەم نادانلىقتىن قۇتۇلۇش مىللەتنىڭ ھەممىسى كۆڭۈل بۆلىدىغان، ھەممە ئادەم ئىشتىراك قىلغان بىر ئاممىۋىي ھەرىكەتكە ئايلىنالىغىنى يوق. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەندە سىستېمىلىق نادانلاشتۇرۇش، ئاسسىمىلياتسىيە ئاستىدا ياشاۋاتقان خەلقىمىزگە سۇنالايدىغان ئەڭ قىممەتلىك خىزمىتى توختاۋسىز بىلىم مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىشتۇر. بۇ ئەلۋەتتە يېزىش، تەرجىمە قىلىش، ئىجاد قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئوخشىمىغان كەسىپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار باشقا ئىش قىلمىسىمۇ، پەقەت ئوقۇغان كەسىپلىرىدىكى تۈپ ئۇقۇم، نەزەرىيە قاتارلىقلارنى ئانا تىلىمىزدا چۈشىنىشلىك قىلىپ قىسقا-قىسقا ماقالە شەكلىدە خەلقىمىزگە سۇنسا، ھەم ئۆزى ئۈچۈن ئۆگىنىش، خەلقى ئۈچۈن ئاقارتىش بولىدۇ. ھەممىمىز بىلىمىزكى، بىزنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي ۋە ئادىمىيەت پەنلىرىدە ئۇيغۇرچە بىۋاستە يېزىلغان ئەسەرلەر يوقنىڭ ئورنىدا، بۇ خىزمەت ھازىرقى كۈندە دەل ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەلكىسىدىدۇر.

**3-ئانا تىل مەكتىۋىمىز بولىدۇ.**

نۆۋەتتە ئانا تىلىمىز ئۇچرىغان كرىزىسنىڭ نەقەدەر تەخىرسىزلىكىنى سەمىگىلارغا سېلىشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. ھازىرقى رېئاللىقىمىزدىن قارىغاندا، ئانا تىلىمىزنى قوغداش، ساقلاپ قېلىش خىزمىتى بەلكىم دەل چەتئەلدىكى ئىجتىمائىي پەنلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن بولۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ ئانا تىلىمىزنىڭ كەلگۈسىدىمۇ نوقۇل بىر ئالاقە تىلىلا ئەمەس، مۇھىمى بىر بىلىم تىلى بولۇشىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، مانا مۇشۇنداق ژۇرناللارغا تايانمىساق بولمايدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرىدىكى نازارەتسىز، تەھرىرسىز، ئۆلچەمسىز، پىششىقلاشتىن ئۆتمىگەن تىلىمىزنىڭ قانداق بۇزۇلۇۋاتقانلىقىغا شاھىت بولۇۋاتىمىز. ئانا تىلىمىزدىكى ژۇرناللار بۇ ساھەدە بىر ئۆلچەم بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئۆلچىمى بولمىغان ھەر قانداق ئىش بۇزۇلىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن بىزدە ئانا تىلدا ئىسلام تىلى، پەلسەپە تىلى، پسىخولوگىيە تىلى، جەمئىيەتشۇناسلىق تىلى ......قاتارلىق كەسپىي تىللار شەكىللىنىشى كېرەك، ئەگەر بۇنداق شەكىللەنمىسە، يۇقىرىدا دېگىنىمدەك، ئانا تىلىمىز بىلىم تىلىغا ئايلىنالمايدۇ. بۇلارنى نەزەرگە ئالغاندا، يۇقىرىقى تۈرلۈك ئىجتىمائىي پەن، ئىسلام بىلىملىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئۆز كەسپىنىڭ ئۇيغۇر تىلى نۇسخىسىنى ئىشلەپ چىقىشى كېرەك دەپ قارايمەن. چۈنكى ساناقسىز ئاتالغۇلار، ئۇقۇملارنىڭ ئۇيغۇرچىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقسا، ئاندىن مۇنازىرە قوزغىلىپ ئاتالغۇلارنىڭ قېلىپلىشىشى ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئاتالغۇلار قېلىپلاشماي تۇرۇپ بىلىم تىلىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

**4-كەلگۈسى ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ مەكتىۋى بولىدۇ.**

ژۇرناللار ئۆز خاسلىقىنى شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق، جەمئىيەتتە بىر ماگنىت قۇتۇبى يارىتالايدۇ، بۇ قۇتۇپ ئەتراپىغا ئاستا-ئاستا ئوخشاش غايىدىكىلەر جۇغلىنىپ بىر- بىرى بىلەن تونۇشىدۇ، بىر-بىرى بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ، ئۆز-ئارا ئۆگىنىدۇ، بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشىدۇ. شۇ ئارقىلىق پىكىر،ھېس-تۇيغۇ، تەپەككۇر جەھەتتە ئۆزىنى ئۆزى تاۋلايدۇ ۋە تاۋلىنىدۇ. مانا مۇشۇ تاۋلىنىشقا ئاكتىپ قاتناشقانلارنىڭ مېنىڭچە ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسىدىكى دىنىي ئۆلىمالىرى، مۇتەپەككۇرلىرى، سىياسىيونلىرى بولۇش ئېھتىماللىقى كۈچلۈك بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ژۇرنىلىمىز ئەھمىيىتى ھەرگىزمۇ بۇنداق بىر قانچە نۇقتىدىلا سۆزلەپ تۈگىمەيدۇ. ژۇرناللارنىڭ بىر مىللەتنىڭ ئويغىنىشىدىكى رولىغا سەل قاراش توغرا ئەمەس، ھەر قانداق بىر پىكرىي ئويغىنىشنىڭ بىر ئانا ژۇرنىلى بولۇپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتە، يۇقىرىدا سۆزلىگەنلىرىم مېنىڭ ژۇرنالدىنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىم كەڭ ياشلاردىن كۈتكەنلىرىمدۇر. سىلەرنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكىڭلار بولماي تۇرۇپ، ژۇرنالنىڭ بىز كۈتكەن ئۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشقا، شەپەق ژۇرنىلىنىڭمۇ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىر قۇتۇپ يۇلتۇزى بولۇپ پارلىشىنى، شۇنداقلا بىر ئاقارتىش مەشئىلى بولۇشى ئۈچۈن كەڭ ياشلارنىڭ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ «شەپەق » نى ئۆزىنىڭ مەشئىلى بىلىشىنى، ئۇنى ياندۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغىنىنى ئايىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.



# رامىزاننىڭ روھى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى*

ئاپتورى: ئابدۇلئەزىز مۇستافا كامىل

ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد تۇرسۇن يۇسۇپ، ئاتاتۈرك ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىسلام بىلىملىرى بۆلۈمى ئوقۇغۇچىسى



ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، ئاللاھقا بولغان قۇللۇقىڭىزنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھقا ھەقىقىي بىر شەكىلدە يۈزلىنىشىڭىز ۋە نىيىتىڭىزنى خالىس قىلىشىڭىز، ئەمەللەردە شەرت قىلىنغان ئىخلاسنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىخلاس دېگەن، ئەمەل ئۇنىڭسىز قوبۇل قىلىنمايدىغان بۈيۈك بىر مەنىگە ئىگە سۆزدۇر، بەلكى ھەر قانداق بىر ئەمەلدە ئىخلاس ۋە قۇرئان، سۈننەتكە ئەگىشىش شەرت قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى، ئاللاھ غالىبتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.»[1] فۇزەيل ئىبن ئىياز (أحسن عملا) (ئەڭ ياخشى) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئەڭ خالىس ۋە توغرا بولغىنى، ئەمەل ئىخلاس بىلەن قىلىنىپ توغرا بولمىسا قوبۇل بولمايدۇ، توغرا بولۇپ ئىخلاس بولمىسا يەنىلا قوبۇل قىلىنمايدۇ. بىر ئەمەلنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ھەر ئىككى شەرت تېپىلىشى كېرەكتۇر. خالىسلىق ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بولغىنى، توغرىلىق سۈننەتكە ئاساسەن بولغىنىدۇر.[2]

ئەمەللەردە ئىرادىمىزنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ۋە ئۇ زاتتىن ئەجىر تەلەپ قىلىش نىيىتى بىلەن خالىس

---

*«رامىزاننىڭ روھى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى»، دوكتور ئابدۇلئەزىز مۇستاپا كامىل، 2008

1-مۈلۈك سۈرىسى، 2-ئايەت

2-تەپسىر بەغەۋى، 4-بۆلۈم، 369-بەت

قىلىشىمىز كېرەك. دۇنيانىڭ ئەرزىمەس ماتالىرى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقىنى كۆزلەش، قەلب ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ناچىرى بولغىنىدەك، ئاللاھنى ۋە ئاخىرەتنى كۆزلەش قەلب ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ھېسابلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:«كىمكى (ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن) ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز، كىمكى (ئەمەلى بىلەن) دۇنيانىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىسە، (ئۇنىڭ تىلىگەن) مەنپەئىتىنىڭ بەزىسىنى بېرىمىز، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ساۋابتىن) ھېچ نېسىۋە يوق.»[3]

«(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇ-زىننىتىنى (يەنى دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ، قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ.»[4]

ئەزىز ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۆمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، مۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمەلى (اللّٰه نىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل بولىدۇ.»[5]

بۇ ئايەتلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان باشقا ئايەتلەر ھەر قانداق بىر ئەمەلدە مۇھىم بولغىنى ئىرادە ۋە نىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى ئەمەللەر نىيەت بىلەن ھېسابقا تارتىلىدۇ ۋە نىيەت سەۋەبىدىن قىيامەت كۈنى تارازىغا قويۇلىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەشھۇر مۇتەۋاتىر ھەدىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق، ھەر كىشى ئۈچۈن نىيەت قىلغان نەرسىسى بولىدۇ، كىمكى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ ھىجرىتىدىن شۇنى تاپىدۇ، كىمكى پۇل-مالغا ئېرىشىش ياكى ئۆيلىنىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇمۇ ھىجرىتىدىن شۇنى تاپىدۇ.»[6]

ئەمەل قانچىلىك ئاز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خالىس نىيەت بىلەن قىلىنغان بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەنىدەك كاتتا مۇكاپاتلىنىپ نەچچە ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ. ھەدىستە: «سەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ قىلغان سەدىقەڭدە مۇكاپاتقا ئېرىشىسەن، ھەتتا ئايالىڭنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويغان بىر لوقما تاماق بولسىمۇ.»[7] دېيىلگەن. بۈيۈك ئەمەللەرنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ ئۈستۈن دەرىجىلەرگە كۆتۈرۈدىغىنىمۇ، ياكى جەھەننەمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا چۈشۈرۈۋېتىدىغىنىمۇ نىيەتتۇر. ئەمەل گەرچە يۈكسەك بولسىمۇ ئىخلاس بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئىنساننى ھالاكەتكە باشلايدۇ، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاۋۋال ھېساب ئېلىنىدىغان كىشىلەر: 1. بىر شېھىت ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئاللاھ ئۇ كىشىگە بەرگەن نېمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئۇ ئادەممۇ ئېتىراپ قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن «بۇ نېمەتلەر بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟» دەپ سورايدۇ، ئۇ كىشى «ئەي رەببىم، سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن شېھىت بولغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئاللاھ «سەن يالغان سۆزلىدىڭ، پالانى جاسارەتلىك كىشى ئىكەن دېيىلسۇن دەپ ئۇرۇش قىلدىڭ، سېنىڭ ئارزۇ قىلغىنىڭ بويىچە شۇنداق دېيىلدى» دەيدۇ. ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ يۈزىچىلاپ سۆرۈلۈپ دەۋزەخقە تاشلىنىشىغا ئاللاھ تەرىپىدىن بۇيرۇق قىلىنىدۇ. 2. ئىلىم ئۆگەنگەن، ئۆگەتكەن ۋە قۇرئان كەرىم ئوقۇغان بىر كىشى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلىدۇ. ئاللاھ ئۇ كىشىگە نېمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئۇ كىشىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن «بۇ نېمەتلەر بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟» دەپ سورايدۇ، ئۇ كىشى «ئىلىم ئۆگەندىم ۋە ئۆگەتتىم، سېنىڭ رازىلىقىڭ

3- شۇرا سۈرىسى، 20-ئايەت
4- ھۇد سۈرىسى، 15، 16-ئايەت
5- ئىسرا سۈرىسى، 19-ئايەت
6- سەھىھۇل بۇخارى، 1-ھەدىس
7- سەھىھۇل بۇخارى، 56-ھەدىس

ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇدۇم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئاللاھ ئۇ كىشىگە «يالغان سۆزلىدىڭ، سەن ئىلىمنى پالانى كىشى ئالىمكەن ۋە قۇرئان ئوقۇيدىغان قارى ئىكەن دېسۇن دەپ ئۆگەندىڭ، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق دېيىلدى» دەيدۇ، ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ يۈزىچىلاپ سۆرۈلۈپ دەۋزەخقە تاشلىنىشىغا ئاللاھ تەرىپىدىن بۇيرۇق قىلىنىدۇ. 3. ھەر خىل مال - دۇنيا بېرىلگەن بىر باي ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئاللاھ ئۇ كىشىگە نېمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئۇ كىشىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن - بۇ نېمەتلەر بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ دەپ سورايدۇ، ئۇ كىشى «بۇ ماللارنى سەن سەرپ قىلىنىشىنى ياخشى كۆرىدىغان يوللارغا سەرپ قىلدىم» دەيدۇ، ئاللاھ ئۇ كىشىگە «يالغان سۆزلىدىڭ، سەن پالانى سېخىي ئىكەن دېيىلىشى ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭ، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق دېيىلدى» دەيدۇ، ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ يۈزىچىلاپ سۆرۈلۈپ دەۋزەخقە تاشلىنىشىغا ئاللاھ تەرىپىدىن بۇيرۇق قىلىنىدۇ.»[8]

ئەي قىيامەتتە تۇرغۇچى ۋە روزىدار قېرىندىشىم، ئىخلاسنى ئاددىي بىر ئىش دەپ ئويلاپ قالماڭ، ئۇ ئەمەللەرنىڭ تايانچىسىدۇر، بەندىلەرنىڭ ياخشى ۋە يامان ئاقىۋەتلىرى ئىخلاسقا قارىتا بولىدۇ. نىيەتنى خالىس قىلغان كىشى نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ، نىيىتىنى دۇنيا ئۈچۈن ئىشلەتكەن كىشى ھالاك بولىدۇ. سەھل ئەتتەستۇرى مۇنداق دەيدۇ: «نەپسكە ئىخلاستىن مۇشەققەتلىكراق بىر ئەمەل بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئىخلاستا نەپسنىڭ نېسىۋىسى بولمايدۇ.» يۈسۈپ ئىبنى ھۈسەين ئەررازى مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئىخلاستۇر، مەن قەلبىمنى رىيادىن تازىلاش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم، لېكىن ئۇ قەلبتە شەكىل ئۆزگەرتىپ ئۈنۈپ چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى.» مۇتەررىف ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ دۇئالىرىدىن: «ئى ئاللاھ، مەن ساڭا تۆۋە قىلىپ، يەنە قايتا سادىر قىلىپ سالغان ئىشلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن، سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلىمەن دەپ ۋەدە بېرىپ، ۋەدەمدە تۇرالمىغان ئىشلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن، سېنىڭ رازىلىقىڭنى كۆزلەپ قىلغان ئاندىن ئۇ ئىشلارغا (سەن ياخشى بىلىسەن) يامان نىيەتلەر ئارىلىشىپ قالغان بولسا سەندىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن.» سۇفيان ئەسسەۋرى مۇنداق دەيدۇ: ھېچ بىر ئىش بىلەن نىيىتىمنى تۈزىتىشكە ھەپىلەشكەندەك ھەپىلىشىپ باقمىدىم، چۈنكى ئۇ داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.» يۈسۈپ ئىبنى ئەسبات مۇنداق دەيدۇ: «نىيەتنى بۇزۇقچىلىقتىن پاكلاش كۆپ تىرىشچانلىق تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەل قىلغۇچىلارغا ئەڭ قىيىن ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.»[9]

سەلەف سالىھلار ئىخلاسنىڭ كەم بولۇشىنىڭ ئەمەللەرنى يوق قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ ھەر قانداق ئىشتا ئىخلاسمەن بولۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. نافىئ ئىبنى جۇبەيرگە «جىنازىغا قاتناشماسەن؟» دېيىلدى، ئۇ چاقىرغان كىشىگە جاۋابەن: «سەن نىيەت قىلغاندەك نىيەت قىلىۋالاي» دېدى ۋە بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ: «ئەمدى ماڭايلى» دېدى.[10]

ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھوشيارلىقىدىن ھەيران قالماڭ، چۈنكى ئۇلار ئەمەللەردە ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئىخلاس روھىنى ھازىر قىلىشنىڭ ساۋابنى ھەسسىلەندۈرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلار ھەسسىلەپ ساۋاب ئېلىش ئۈچۈن نىيەتنى خالىس قىلىشقا قاتتىق ھېرىسمەن ئىدى. يەھيا ئىبنى كەسىير مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالاغا ئەمەلدىنمۇ تېزراق يېتىپ بارىدىغان نىيەتنى ئۆگىنىڭلار.» داۋۇد تائىي مۇنداق دەيدۇ: «پۈتۈن ياخشىلىقلارنىڭ نىيەتنىڭ گۈزەل بولۇشىغا مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى كۆردۈڭ، گەرچە ئەمەلگە ئاشۇرالمىساڭمۇ، نىيىتىڭنىڭ ياخشى بولۇشى يېتەرلىكتۇر.» ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دەيدۇ: «بەزى كىچىك ئەمەللەرنى نىيەت چوڭايتىپ بېرىدۇ، بەزى چوڭ ئەمەللەرنى نىيەت كىچىكلىتىۋېتىدۇ.»[11]

8-سەھىھۇل مۇسلىم، 1905-ھەدىس
9-جامىئۇلئۇلۇم ۋەلھىكەم، -1بۆلۈم، 84-بەت
10-جامىئۇلئۇلۇم ۋەلھىكەم
11- ھىلىيەتۇل ئەۋلىيا، 3-بۆلۈم، 70-بەت

ئەي روزىدار قېرىندىشىم، رامىزان ۋە رامىزاندىن باشقا ۋاقىتلاردىكى پۈتۈن ئەمەللىرىڭىزنىڭ قوبۇل بولۇشى نىيەت ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىشنىڭ مىقدارى بويىچە بولىدۇ. خالىس نىيەت ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىش ئىخلاسنىڭ ئۆزىدۇر. تۇتۇلغان روزا، كېچىلىك قىيام، قەدىر كېچىسىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش، قۇرئان تىلاۋىتى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق دىنى ئەمەللەردە ئىخلاس ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىش شەرت قىلىندى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر.»[12] بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دەيدۇ: كىمكى رامىزاندا ئىمان ئېيتقان ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا روزا تۇتسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.[13] يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى رامىزاندا ئىمان ئېيتقان ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا قىيامدا تۇرسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.»[14] ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى قەدىر كېچىسى ئىمان ئېيتقان ۋە ساۋاب تەلەپ قىلغان ھالدا قىيامدا تۇرسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.»[15] ئىمان ئېيتقان دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بۇ ئىلاھىي تەكلىپ ھەقتۇر دەپ ئېتىقاد قىلغان دېگەنلىك بولىدۇ، ساۋاب ئۈمىد قىلغان دېگەن سۆز ھەققىدە خەتتابى مۇنداق دەيدۇ: «كىشى روزىسىنى ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ئارزۇ قىلىپ، روزىنى ئېغىر كۆرمەي ۋە كۈنلىرىنى ئۇزۇن سانىماي كۆڭلىدىن رازى بولۇپ تۇتۇشتۇر.»[16] ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەرنىڭ كۆرۈشىنى ۋە ئىخلاسقا زىت كېلىدىغان ئىشلارنى مەقسەت قىلماستىن، بىر ئاللاھنىلا مەقسەت قىلىشتۇر.»[17]

ئەي روزىدار قېرىندىشىم! ئىبادىتىڭىز ۋە ئىتائىتىڭىزنى قوغداشقا، ئۇلارنى رىيادىن، پەخىرلىنىشتىن ۋە كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى جەلپ قىلىشقا زورۇقۇشتىن ساپ تۇتۇشقا تىرىشىڭ! رەبىئ ئىبنى خۇسەيم مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ رازىلىقى مەقسەت قىلىنمىغان ھەر قانداق ئىش يوقىلىشقا مەھكۇمدۇر.»[18]

ئىبنى جەۋزىي مۇنداق دەيدۇ: «ئەي مىسكىن، سەن كۈندۈزنى ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق بىلەن، كېچىنى ئۇزۇن سەجدە ۋە رۇكۇلار بىلەن ئۆتكۈزگىنىڭگە قاراپلا ئۆزۈڭنى روزا تۇتقۇچى ھېسابلامسەن؟ چۆچۈرىنى خام ساناپسەن. سەن قانچىلىك كەمتەر بولالىدىڭ؟ ئاللاھتىن قانچىلىك ئەيمەندىڭ؟ ئالدىراپلا ئۆزۈڭنى رامىزان ئېيىدا غەلىبە قازانغۇچى روزىدارلاردىن ھېسابلىما. سەن نىيىتىڭنى خالىس، قەلبىڭنى پاكىز قىلىپ، قىممىتى يوق ئەمەللەردىن ساقلىنىدىغان ۋە ئارزۇ قىلمايدىغان ھالغا كەلمىگۈچە ھەرگىزمۇ نىجاتلىققا ئېرىشكەنلەر قاتارىدىن بولالمايسەن.»[19]

> ئەي ئاللاھ، پۈتۈن ئەمەللىرىمىزنى سالىھ ئەمەللەردىن قىلىپ بەرگىن! كىشىلەر ئۈچۈن ئەمەس پەقەت سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن بولغان خالىس ئەمەللەردىن قىلىپ بەرگىن! بۇ مۇبارەك ئايدا، ئىمان ئېيتقان ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا، روزا تۇتۇشىمىزغا ۋە قىيامدا تۇرۇشىمىزغا ياردەم قىلغىن... ئامىن!

12-بەييىنە سۈرىسى، 5-بەت
13-سەھىھۇلبۇخارى، 37-ھەدىس
14-سەھىھۇلبۇخارى، 36-ھەدىس
15-سەھىھۇلبۇخارى، 1768-ھەدىس
16-فەتھۇلبارى
17-سەھىھۇلمۇسلىم شەرھىسى، 2-بۆلۈم، 78-بەت
18-ئەئلام نۇبەلا، 4-بۆلۈم، 259-بەت
19-بۇستانىلۋائىزىن، 315-بەت

بىر شەپەق بار،

ئۇ قۇياشنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنىڭ خەۋەرچىسى!

بىر شەپەق بار،

ئۇ قۇياشنىڭ پاتقانلىقىنىڭ خەۋەرچىسى!



# شەپەقتىن تۇغۇلغان ھېسلار


## ئابدۇلھەپىز مۇھەممەد سالىھ زىيائىي

ئىستانبۇل تىجارەت ئۇنىۋېرسىتېتى

ئىقتىساد باشقۇرۇش كەسپى ئوقۇغۇچىسى


ئىستانبۇل ساباھاتتىن زائىم ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوت يۈرەك ئۇيغۇر ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ شەپەق ژۇرنىلىنى تەسىس قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن سۆيۈنگەن ئىدىم. چۈنكى ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بىر ئىلمىي سورۇن ھازىرلانسا دېگەن ئۈمىدىم ئەمەلگە ئاشقان ئىدى. ئىچىمدە دەرھال تۇنجى سانىغا قەلەم تەۋرىتىش ئىستىكى تۇغۇلدى.

دەسلەپتە دىققىتىمنى تارتقىنى ژۇرنالنىڭ ئىسمى بولغاچ، شەپەق ھەققىدە ئىزدىنىشكە باشلىدىم. ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتىدە شەپەق ھەققىدىكى ئىزاھاتتا <قۇياشنىڭ چىقىش ۋە پېتىشى ئالدىدىكى ئۈيۈقتا پەيدا بولغان قىزىللىق> دېگەن چۈشەنچە بېرىلىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ سۆيۈندۈم. چۈنكى بۇ ژۇرنالمۇ ھەم بىز ئۈچۈن بىر پارلاشنىڭ خەۋەرچىسى ياكى ئېتىبار بەرمىسەك بىر چۈكۈشنىڭ خەۋەرچىسى بولاتتى.

21-ئەسىر بىزنى بىلىم ئىگىلىكىنىڭ باش كۆتۈرۈپ پەن-تېخنىكا ۋە سانائەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىدە تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر يېڭى دەۋر ۋە يېڭى دۇنياغا باشلاپ كىردى. دۇنيا مىللەتلىرى بۇ ئېقىمغا خالىغان ۋە خالىمىغان ئەھۋالدا سۆرەپ كىرىلدى. ئۇيۇن قۇرغۇچىلار ياكى خەرىتە سىزغۇچىلار دەپ نام ئالغان غەرب ئەللىرى بۇ كارۋاننىڭ يول باشچىلىرى سۈپىتىدە ھەممىنى خالىغانچە تالان-تاراج قىلغان بولسا بىلىمسىزلىك ۋە ئىچكى ئىختىلاپقا پېتىپ كەتكەن ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىسلام ئەللىرى مۇنقەرزلىك ۋە ئىستىلانىڭ ئاياغ-ئاستى قىلىشى بىلەن بىلىمسىز قالدۇرۇلۇپ قويۇلغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىز باشلىق تۈركىي مىللەتلەر كوممۇنىزم ئاسارىتى ئاستىدا نىمجان بىر قۇشقا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتۇق. دۇنيادا يېڭىلىقنىڭ ۋە پەن-تېخنىكىنىڭ گېپى بولاۋاتقان شۇ كۈنلەردە بىزلەر ئىچكى ئىختىلاپ ۋە دۈشمەننىڭ ئويۇنلىرى ئىچىدە كۈنسېرى كېيىندە قېلىۋاتاتتۇق. تارىخنىڭ ئەنە شۇ ئاچچىق ھەقىقەتلىرىنىڭ نەتىجىسى بولغان بۈگۈنكى غېرىبانە كۈنلىرىمىزدە، «ھەي ئىسىت!» دېگىنىمىزچە يەنە ئوخشاش خاتالىقلارنى تەكرارلاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ قالىدۇ بەزەن...

بىز ئەمدى ئۆتمۈشىمىزنى ۋاراقلاشتىن توختاپ كۈنىمىزگە نەزەر سالىدىغان بولساق قىسقىغىنا بىر قانچە يىللىق ھاياتىمىزدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرمۇ شۇنچە تەسىرلىك. ئىلىم ئوتى ۋە چەتئەل ئىشتىياقى بىلەن ئاتلانغان سەپەرنىڭ بىزنى بىر كېچىدىلا ئانا ۋەتىنىمىزدىن،

ئاتا ئانىمىزنىڭ ئىللىق باغرىدىن ئايرىپ، شۇنچە ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىمىزگە يۈكلەپ قويۇشنى ئويلىمىغان بولغىيتتۇق. ئەمما شۇنچە ئېغىر دەردلەرگە مۇپتىلا بولغان تۇرۇقلۇق يەنە روھلۇق، ئۈمىدۋار ھالەتتە ئوقۇشلىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىمىز. ئەمەلىيەتتە قەلبىمىزنى قىيناۋاتقان ئازاب ۋە پىراقلار بىر ئىنساننىڭ كۆتۈرەلىشى ئاجىز كەلگۈدەك دەرىجىدە ئېغىر. ئەمما قەلبىمىزدىكى ئىمانىمىز ۋە بۈگۈنگىچە ئالغان ئىمان ئاساسىدىكى مەنىۋى تەربىيەمىز بىزنى جاپا مۇشەققەتلەرگە بوي ئەگمەي دائىم تىك تۇرۇشقا ئۈندەپ كەلدى. پەقەت مەسئۇلىيىتىمىز تەقەززا قىلىۋاتقان دەرىجىدە بىر روھ ۋە ھەرىكەت بىزدە يوق بولۇپ قالدى. تېڭىرقاشلارنىڭ كۆپىيىشى بىزدەك مەھكۇم مىللەتنىڭ ھالىنى كۆرگەن ھەركىمنىڭ ئۆزىچە بىر نەرسىلەرنى دەپ بىزگە ھەرخىل يوللارنى كۆرسىتىپ تەلقىن ئېيتىشلىرى ھەتتا ئەيىبلەشلىرى بىزنىڭ بىرلىك ۋە باراۋەرلىك، بىر ئىدىيە-بىر پىكىرگە كېلىشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلماقتا. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھەتتا ئىقتىسادىي مەسىلىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ جاۋابى پەقەت ئىلىم-مەرىپەتكە ۋە ساپا مائارىپىغا بېرىپ تاقىشىدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. شۇنداق بولغان ئىكەن مىللىي مائارىپنى كۈچلەندۈرۈپ، مىللىي ساپانى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان بىر ئىلمىي مۇنازىرە ۋە تەكلىپ-پىكىر سورۇنى بەرپا قىلىش ھەممىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە بىز ئۈچۈن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك مۇھىم بىر قەدەم.

ئەسلى تېمىمىزغا قايتىپ كېلىدىغان بولساق، خۇددى كۈننىڭ پېتىشىدىن ھەم چىقىشىدىن خەۋەر بەرگۈچى دەپ بىلگىنىمىز شەپەق، بىر باشلىنىش ياكى ئاخىرلىشىشنىڭ سىگنالى بولغىنىدەك ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ رىغبىتىدە مەيدانغا كەلگەن بۇ ژۇرنالنى بىز بىر ئىلمىي مۇنازىرە مەيدانى، ئىلمىي مۇھاكىمە مۇنبىرىگە ئايلاندۇرالىساق ئوقۇغان بىلىمىمىزنىڭ تۈرتكىسىدە تەپەككۇرىمىزغا ئۈرۈلگەن بەزى پىكىرلىرىمىزنى قەلەم ئارقىلىق ئىپادىلەپ ئىلمىي مېتود ئاستىدا ئورتاقلىشالمىغان ۋاقتىمىزدا نە بۇ ژۇرنال داۋاملىشىدۇ نە بىزنىڭ ئىلمىي ئۇيۇقىمىز كېڭىيىدۇ.

دۇنيا ئاللىبۇرۇن بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە قەدەم قويۇپ بولغان بۈگۈنكى كۈنىمىزدە، بىر ئىلمىي سورۇنىمىزنىڭ ۋە ئاكادېمىكلار ئارا تارتىشىدىغان، ئورتاقلىشىدىغان بىر قۇرۇلمىنىڭ شەكىللەنمەسلىكى ھەقىقەتەن ئېغىر مەسىلە. ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقىنىمىزدا: «ھازىرغىچە بىز دۇنيا قاراش ۋە سىياسىي ئىجتىمائىي پىكىر يۈرگۈزۈشكىچە بولسۇن بىز دائىم غەيۋەتچىل مەيداندا تۇرۇپ كۆزىتىش ئېلىپ بېرىۋاتىمىز.» بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە ئىنسانلار ۋە دۇنيا ھەرقانداق نەرسىگە ئىلمىي ئىسپاتى ۋە ئىلىم-پەننىڭ جاۋابىغا قاراپ ئىشىنىدۇ. بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئىنسانلار كۆپىنچە ھېسسىياتىغا ۋە ياكى ئەقلىگە تايىنىپ ھەرىكەت قىلغاچ كېيىنكى مەزگىللەردە مەيدانغا كەلگەن ئاتېئىزىمچىلار ئەقلىنى چەكسىز ۋە ھەر نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى بىلەلەيدۇ دەپ ئىشىنىپ ئاللاھنىڭ بارلىقىغىمۇ قارشى چىقتى. بىلىمنىڭ قىممىتى ئېشىشىغا ئەگىشىپ ھەر نەرسىنىڭ، ياخشى-ياماننىڭ يۈزى بىلىم بىلەن ئېچىپ تاشلاندى. بۈگۈنكى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشمۇ بۇرۇنقىدەك ئاسان بولماستىن مۇئەييەن ئىلمىي ئاساس ۋە بىلىمگە تايانغان پاكىتلار بىلەن بولمىسا قوبۇل قىلىنمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالدى. بىلىمنىڭ كېڭىيىشى ۋە مولىشىشىغا ئەگىشىپ بىلىم پارچىلاندى. ئىنسانلار بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان بىلىملەرنىڭ ھەممىنى ئۆزى ئۆگىنىپ بولالمايدىغان يەرگە كەلدى ۋە مۇتەخەسسىسلىك دېگەن ئۇقۇم پەيدا بولدى. ھەممىنى بىلىدىغان ئەمەس بىرنى تولۇق بىلىدىغان ئىنسانلارنىڭ قەدرى قىلىنىدىغان ۋە شۇ ساھەدە گېپى ئۆتىدىغان دەۋر كەلدى. ھەر قانداق بىر مەسىلىدە شۇ ساھەدىكى مۇتەخەسسىس كىشىلەرنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدىغان، شۇ مۇتەخەسسىسلەرمۇ ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلىرىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشى ئۈچۈن ئىلمىي پاكىتلارغا تايىنىدىغان ھالەت شەكىللەندى. ھېسداشلىق ۋە غەمخورلۇق بىلەن ھېچكىم ھېچكىمنىڭ دەردىگە دەرمان بولمايدىغان ھەتتا مەنپەئەتسىز قەدەم ئېلىنمايدىغان ئىنسانىيلىق ئۆلگەن بىر دەۋر مەيدانغا كەلدى. ئۆزىمىزنىڭ دەردىگە ئۆزىمىز دەرمان ئىزدىمىسەك بولمايدىغانلىقىنى ھەممىمىز

تونۇپ يەتتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىم-مەرىپەتنىڭ قەدرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.

ئەلمىساقتىن بېرى دىلى دەردلىك، قەلبى ھىممەتلىك مېھنەت ساھىبلىرى ئۆتكۈر تەپەككۇر ۋە ئىنچىكە كۆزىتىشلىرىدىن كەلگەن پىكىر ۋە بايانلىرىنى كىتاب ئارقىلىق ئىنسانلارغا بىلدۈرۈپ ۋە ئۆچمەس ئىز سۈپىتىدە ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ دۇردانىلەرنىڭ بەزىلىرى شۇ قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ھايات ۋاقتىدا قەدرىگە يېتىلىپ ئەزىزلەنگەن، تەقدىرلەنگەن بولسا يەنە بەزىلىرى ئۆز مېھنىتىنىڭ قىممىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرەلمەي دۇنيادىن ئايرىلغاندا ئاندىن خەلق تەرىپىدىن بايقىلىپ ئەنە شۇ ھىممەت ساھىبلىرىنىڭ روھىغا دۇئا قىلىشىپ ۋە ھەتتا ھەيكەللىرىنى تىكلىشىپ ئۇنىڭغا ھۆرمىتىنى بىلدۈرىشىدۇ. شۇنداق بولغىنىكەن ھەر قانداق ئىلىم ۋە پىكىرنىڭ كىتاب ياكى ژۇرنال ئارقىلىق ئىنسانلارغا سۇنۇلغىنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ خەۋەر تېپىشىغا ۋە ساقلىنىپ ئەۋلادلارغىچە يېتىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئىلىمنىڭ ۋە يېزىقچىلىقنىڭ قىممىتى ياكى ئەھمىيىتى توغرىسىدا بۇنىڭدىن ئارتۇق توختىلىشىمۇ ۋاقىت ئىسراپچىلىقى، چۈنكى بۈگۈن ئىلىم-پەننىڭ قىممىتىنى ھېس قىلمىغان ئىنسان يوق دەپ ئويلايمەن. بولۇپمۇ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىز ھازىر ئېغىر داۋالغۇش ۋە تېڭىرقاش ئىچىدە مىللىتىمىز خىيالىي قۇرۇق شوئارلار بىلەن بويۇن تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ سۆزلەۋاتقان ئىچى قۇرۇق، كۆپۈك ھاياجان كىشىلەرگە بەكرەك ئىشىنىدىغان ۋە ھەتتا ئەگىشىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۆز ئىچىمىزدىكى جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ قالايمىقانلىشىشى ۋە ئىچكى تالاش-تارتىش ھېچ تۈگىمەيۋاتىدۇ. بۇ يەردە ۋەزىپە يەنىلا مائارىپ ساھەسىنىڭ ئۈمىدى بولغان بىز ئوقۇغۇچىلارغا يۈكلىنىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، ھەممىمىزنىڭ ئىلمىي ۋە پاكىتلىق پىكىرلەرنى ئورتاقلىشىدىغان ۋە ئىجتىمائىي باراۋەركەيپىيات يارىتىدىغان بۇنداق ئىلمىي سورۇننى بار كۈچىمىز بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلەپ خىيال ۋە قۇرۇق شوئار بىلەن ئەمەس، ئىلىم-مەرىپەت بىلەن كونترول قىلىنىدىغان بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. ھەرخىل ئىدىيە ۋادىلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرگەن ئاددىي خەلقىمىزدىن تارتىپ ھەربىر ئوقۇغۇچىغىچە ھەممىنىڭ ئورتاق بىر ئىدىيە ۋە ماسلاشقان قىممەت قاراشقا ئىگە بولۇشىغا كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۇنجى قەدەمنى ئۆزىمىزنى يېتىلدۈرۈشتىن باشلاش كېرەك. شۇ سەۋەبتىن پىكىر-مۇنازىرە، ئىخچام بىلىملەرنى ئورتاقلىشىدىغان بۇ ئىلمىي سورۇنىمىزنى قەدىرلەيلى ۋە تەرەققىي قىلدۇرايلى ئۆز-ئارا مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتىمىزنى ھېس قىلدۇرايلى، بىلىمىمىزنى ئورتاقلىشايلى، مىللىي ساپايىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشايلى ۋە تەڭ كۈچ چىقىرايلى.

كۈنىمىزدىكى ئىجتىمائىي پەن ئۈچۈن تېگىشلىك بولغان مەسىلىلەرنىڭ دىياگنوزسىز قېلىشى ھەركىمنىڭ بىلىم دائىرىسىدە بولمىغان مەسىلىلەرگىمۇ قالايمىقان ئارىلىشىۋېلىشى دەل بىلىم ئىگىلىرىنىڭ سۈكۈت قىلىشىدىن كېلىپ چىققان دەپ ئويلايمەن. بىز بىلىم ۋە پەن-تېخنىكىنى يېتەكچى، مىللىي مەپكۇرىمىزنى ئىدارە قىلغۇچى ئورنىغا قويغان ئىلغار بىر جەمئىيەت بەرپا قىلمىغۇچە بىزنىڭ خارلىق ۋە زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشىمىز مۇشكۇل ۋە ياكى مۇمكىنسىز بىر ئىش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئاخىرىدا سۆزۈمنى ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ تۆۋەندىكى يەكۈنى بىلەن ئاخىرلاشتۇراي:

*«باشقا ئەللەرنىڭ ئىجتىمائىيەت ساھەسىدىكى نەزەرىيەلىرىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى كونتېكستى (ئۇرانى) بويىچە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىلىم قۇيۇقلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئاكادېمىيە ۋە مەكتەپلەردىكى بىلىم ئادەملىرى، ژۇرنالىستلار ۋە نەشرىياتچىلار جان-باقتىلىق مۇرەسسەچىلىكىنىڭ ئېزىتقۇ قويىندىن چىقىپ، ئىلىم ساھەسىدىكى يىراقنى كۆرۈش، تەشكىللەش، ئۇيۇشتۇرۇش مەسىلىسىنى رېئاللىقتىن ئىزدەش بۇرچىغا قايتىشى كېرەك. كوللېكتىپ ھەمكارلىق بىلەن تەتقىقات قىلالايدىغان يېڭى ئەۋلاد بىلىم ئادەملىرى مەيدانغا كېلىشى كېرەك.»*[1]

**-ئابدۇقادىر جالالىدىن**

1-« ئىلىمگە خىيانەت-ئەلگە جاھالەت » ناملىق ماقالىسى، 238.بەت



# سۆز

# سەنئىتىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئەھمىيىتى

**مەھبۇبە مۇھەممەتئىمىن**

ساباھەتتىن زائىم ئۇنىۋېرسىتېتى
ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى ئوقۇغۇچىسى

زامانىمىزنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئاڭ-سەۋىيەسىمۇ تەدرىجىي ھالدا زامانغا ماسلاشماقتا. مۇشۇنداق بىر ئەھۋالدا كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ھاياتىمىزغا نېمىلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ۋە قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى مۇئامىلىمىز، يۈز ئىپادىمىز، تەلەپپۇزىمىز ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىنچىكە نۇقتىلار سەۋەبىدىن ئويلىمىغان دىشۋارچىلىق ۋە بېسىملارغا ئۇچراپ تۇرىمىز.

كىشىلىك مۇناسىۋەت ئالاھىدە دىققەت قىلىنىشى كېرەك بولغان ئىنتايىن نازۇك بىر مەسىلە. يۈرۈش-تۇرۇشىمىز، كىيىم-كېچەكلىرىمىز، سۆز قىلىش ئۇسلۇبىمىز ئورناتقان مۇناسىۋەتلىرىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. سورۇنغا بېقىپ سۆز قىلىش، قىلغان سۆزىمىزنىڭ ئىخچام، چۈشىنىشلىك، قايىل قىلارلىق بولۇشى ھازىرقى كۈنىمىزدە ئايرىم بىر سەنئەت ھېسابلىنىدىغان بولدى. ئەگەر سىز بىر چايپۇرۇش بىلەن ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا پەلسەپە، تارىخ، سىياسەت دېگەندەك خىلمۇخىل ساھەلەردىن نۇرغۇن قىممەتلىك سۆزلەرنى قىلىپ بەرگەن بولسىڭىزمۇ، ئۇنىڭدىن كۈندە نەچچە چەينەك چاي تۆكەيدۇ؟ ۋە ياكى قايسى تۈردىكى چايلار نېمىلەرگە شىپا قىلىدۇ؟ دېگەندەك بىۋاستە ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى سوراپ قويمىسىڭىز، ئۇنىڭ سىز بىلەن ئىككىنچى قېتىم بىر يەردە خالاپ ئولتۇرۇپ قېلىشى ناتايىن. چۈنكى سىز ئاللىقاچان ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۆزىڭىزمۇ بىلىپ-بىلمەي ئۆزىنىڭلا گېپىنى قىلىدىغان مەنمەنچىگە ئايلىنىپ قالدىڭىز.

كىشىلىك مۇناسىۋەتتە يەنە يول قويۇشنىمۇ ئۆگىنىشىمىز لازىم. ئەگەر سىز سۆزىڭىزدە سەممىي، ھەرىكىتىڭىزدە كەمتەر بولمىسىڭىز قانچىلىك يۇقىرى ئۇنۋانغا ئىگە كىشى بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن ئاسانلا چۈشۈپ كېتىسىز. شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورناتماقچى بولغان كىشىنى ئالدى بىلەن ياخشى چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئۇنى چۈشەنگەندىن كېيىنكى مۇناسىپ مۇئامىلىلىرىمىز بىلەن ئەقلىنى ئۇتۇش ئارقىلىق قەلبىگە يېتىپ بارالايمىز.[1] تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېنىقلىشىچە، دۇنيادا كۈندىلىك ئىشلارنىڭ 15% يېزىق بىلەن 85% گەپ-سۆز بىلەن ئورۇنلىنىدىكەن. دېمەككى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە سۆزدىكى ئالاقە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.[2] قىلىۋاتقان ھەربىر سۆزىمىز خۇددى بىراۋغا قارىتىلىپ ئېتىلغان ئوققا ئوخشايدۇ. ئېغىزدىن چىققاندىن كېيىن قايتۇرۇپ ئالالمايمىز. ئوق ئېغىر بولغاندا جاننى ئالىدۇ،

1-فن الإلقاء الرائع، 20-30 بەت
2-نۇتۇق ۋە ئېغىز تىلى ماھارىتى دەرسلىكى

ياكى بىر ئۆمۈر ئىزى قالىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، قىلىۋاتقان گەپ-سۆزىمىزگە، سۆز قىلىۋاتقان كىشىگە ۋە ئورۇنغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

كونىلاردا شۇنداق بىر سۆز بار «سىلىق سۆز تاشنى يارار، قاتتىق سۆز باشنى (يارار)». پىسخولوگىيە ۋە تەلىم-تەربىيە ساھەلىرىدە سۆزلەرنىڭ كۈچى يېقىن زاماندا ئاندىن تەكىتلىنىۋاتقان بولسا مىللىتىمىز بۇنى ئاللىقاچان بايقاپ ئەنئەنىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. شۇنداقلا قىلغان سۆزىمىز، مۇئامىلىمىز كىشىلەرگە بىزنىڭ قانچىلىك ساپالىق، قانچىلىك تەربىيە كۆرگەنلىكىمىزنىمۇ نامايەن قىلىدىغان بىر ۋاستە. ئالدى بىلەن ھۇزۇرلۇق بىر ھايات كەچۈرۈش، باللىرىمىزنى ياخشى تەربىيەلەش، جەمئىيەتتە ئورۇن تۇتۇپ ياشاشنى خالىساق تىلىمىز تاشنى يارغۇدەك سىلىق ۋە گۈزەل سۆزلەرنى قىلىشقا ئادەتلىنىشى كېرەك. سۆزىمىزنىڭ يېقىملىق بولۇشى، قەلبىمىزنىڭ تەربىيىلىك بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ ئەلۋەتتە. ئەگەر سىز بىر ئورۇنغا سۆز قىلىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىنغان بولسىڭىز، ۋە ياكى بىر سۆھبەت مەجلىسىدە سۆز قىلىش پۇرستىگە ئېرىشىپ قالسىڭىز، سىز ئۇ يەردە باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئىناۋەت تېپىش ۋە ياكى قانداقتۇر باشقىلارنى مېنىڭ ئېغىزىمغىلا قارىتىمەن، ھەممىدىن ئاشۇرۇپ سۆزلەيمەن دېگەن غەرەزدە سۆز قىلسىڭىز، سىزنىڭ تاپقان ئابرۇيىڭىز ئىككى تەڭگىلىك بولۇپ قالىدۇ. يۈرەكتىن چىققان سۆز ئاندىن يۈرەككە تېگىدۇ. باشقىلار سىزنىڭ بىلىمىڭىزگە ھۆرمەت قىلىپ سۆز قىلىش پۇرستى بەرگەنىكەن، چوقۇم شۇ سورۇن ئەھلىگە پايدىسى تېگىدىغان سۆزلەرنى قىلىشىڭىز كېرەك. مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە جامائەت ئەربابى دەپ سانالغان كىشىلەر جەزمەن كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ماھىر، ناتىق بولۇشى كېرەك. بۇ يەردىكى ناتىقلىق ھەرگىزمۇ كۆپ سۆزلەش، ئۇزۇن سۆزلەش ۋە ياكى ۋارقىراپ دەبدەبىلىك سۆزلەرنى قىلىش ئەمەس. مەقسەتنى، ئوي-پىكرىنى قانچە ئاممىباب، قانچە ئىخچام، قانچە سىڭىشلىك چۈشەندۈرەلىسە ناتىقلىقتا شۇنچە يېقىنلاشقان بولىدۇ. ئەگەر بىز سۆزلەرنىڭ كۈچىگە ئەھمىيەت بەرسەك، ئىپادىلەش ئىقتىدارىمىزنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشنى خالىساق، تۆۋەندىكى نۇقتىلار جېنىمىزغا ئەسقاتىدۇ.[3]

بىرىنچىدىن:- چوقۇم ماقال-تەمسىللەرنى ياخشى بىلىشىمىز كېرەك. بۇنداق بولغاندا ئۇزۇن سۆزلەرنى ئاددىي چۈشەندۈرۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا ماقال-تەمسىلنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق سۆزىمىزنى چۈشىنىشلىك ھەمدە مېغىزلىق قىلالايمىز.

ئىككىنچىدىن:- مەنىلىك رۇبائىي، شېئىرلار ۋە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى بىلىشمۇ ئوخشاش ئۈنۈم بېرىدۇ. گېپى كەلگەندە ئۆزىمىزنىڭ كۆز قاراشلىرىمىزنى، نۇقتىئىنەزەرلىرىمىزنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە ئىپادىلەپ بېرەلەيمىز، تەسىرچانلىققا ئىگە قىلالايمىز. بۇنداق ئەھۋالدا مۇنۇ ئىشلارنىڭ سادىر بولۇپ قېلىشىدىن ئالاھىدە ساقلىنىش كېرەك:

بىرىنچىدىن:- تېما بىلەن ئالاقىسىز مىساللارنى كەلتۈرۈپ باشقىلارنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن:- مۇنبەرگە چىقىپ سۆز باشلاشتىن بۇرۇن "گەرچە بۇ يەرگە چىقىپ سۆز قىلىش سالاھىيىتىم بولمىسىمۇ..." دېگەندەك ئۆزىمىزنى يەرگە ئۇرىدىغان گەپلەر بىلەن كەمتەرلىك قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. بىز بۇ جۈملىنى تاماملىغان ھامان، ئۇنىڭدىن كېيىن دېمەكچى بولغان سۆزىمىز قانچە بىباھا بولسىمۇ، تەبئىيلا ئولتۇرغانلارنىڭ ئېڭىدا قىممىتىنى يوقىتىدۇ. سالاھىيىتىمىز توشمىغان بولسا خەق بىزگە ئۇ پۇرسەتنى بەرمىگەن بولاتتى. شۇڭا ئۆزىمىزگە ئىشىنىشىمۇ بولۇشى لازىم.

ئىشلەتكەن سۆزلۈكلىرىمىز ۋە ئىنتوناتسىيە، چىراي ئىپادىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزلەش سەنئىتىدە قانچىلىك ماھارەتلىك بولىشىمىز ئائىلە مۇناسىۋىتىمىز، پەرزەنت تەربىيىمىزدىن باشلاپ سودا-سېتىق، خىزمەت، دوستلۇق قاتارلىق ھاياتىمىزنىڭ پۈتۈن قىسمىدىكى مۇۋەپپەقىيىتىمىز بىلەن زىچ باغلىنىشلىقى بار. تىلنىڭ گۈزەللىكى كۆڭۈلنىڭ گۈزەللىكى، تىلنىڭ گۈزەللىكى ئالاقىدىكى گۈزەل بىر مۇھىتنى بەرپا قىلىدىغان ھالقىلىق مەسىلە. سۆز سەنئىتى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى چۈشىنىش ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشتا ئالاھىدە تەقەززا قىلىنىدىغان مۇھىم بىر قورال.

3-نۇتۇق ۋە ئېغىز تىلى ماھارىتى دەرسلىكى



# تارىخنى قانداق ئوقۇيمىز؟


مۇيەسسەر ئەلى

سابىق ھەتتىن زائىم ئۇنىۋېرسىتېتى

تارىخ پەنلىرى ئوقۇغۇچىسى


تارىخ ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئانىسى دەپ تەرىپلەنگەن، پۈتۈن ئىجتىمائىي بىلىملەرگە چېتىلىدىغان، كەڭرى ساھەگە ئىگە بولغان بىر پەن. جورج سانتايانانىڭ دېگىنىگە ئوخشاش، بىر دۆلەت ئۆز خاتىرىلىرىسىز ساراڭلار شەھىرى بولغاندەك بىر ئىنسانمۇ ئۆزىنىڭ كەچمىشى ۋە كىملىكىسىز نورمال ھاياتقا ئىگە ئەمەس. بىر مىللەتنى ئۆز كىملىكى بىلەن باغلاپ تۇرىدىغىنى، خاتالىقلاردىن قوغداپ كەلگۈسىگە ساغلام قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىيەلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغىنى ئۇنىڭ پۇختا تەتقىق قىلىنغان تارىخى ۋە بۇ ئارقىلىق تونۇغان ئاجىزلىقى، ئارتۇقچىلىقى، دۈشمىنى ۋە دوستلىرى بىلەن بولىدۇ. بىزگە ئوخشاش يوق قىلىنىشقا دۇچ كېلىۋاتقان بىر مىللەتنىڭ، ئاسسىمىلياتسىيەنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمدە تارىخنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ھەقىقىي كىملىكىنىڭ ئۆچۈرۈلىدىغىنى ھەممىمىزگە ئايان. ئەمما بۇ ئىشنىڭ يۈرگۈزۈلۈش باسقۇچلىرىنى ھەممىمىز بىلىپ كەتمەيمىز. بۇ سەۋەبتىن تارىخىمىز قانداق بۇرمىلاندى؟ قانداق ئوڭشايمىز؟ خاتا ئۇچۇرلارغا قانداق تاقابىل تۇرىمىز؟ دېگەن تەخىرسىز سوئاللارغا جاۋابلىرىمىز يېتەرسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قىسقىغىنا يازمىدا تارىخ مېتودىنى تونۇشتۇرغان ئاساستا تارىخنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى، قانداق ئۆگىنىلىدىغىنى ۋە بىزدە ساقلىنىۋاتقان خاتا قاراشلارنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

تارىخ دېگىنىمىزدە خىيالىمىزدا شەكىللىنىدىغان ئوبرازدىن بىزنىڭ قانداق بىر مائارىپقا دۇچ كەلگىنىمىزنى بىلىش مۇمكىن. ئەگەر تارىخ قۇرۇق گەپلەر دۆۋىسى، زېرىكىشلىك قىسسەلەر، ئەھمىيەتسىز ئۇرۇش بايانلىرى سۈپىتىدە مېڭىمىزدە يەر ئالسا، تارىخچىلار، تارىخ ئوقۇغۇچىلىرى نەزىرىمىزدە يارىماس بىر خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىچارە ۋە ئەخمەق ھەتتا زېرىكىشلىك كىشىلەر سۈپىتىدە كۆرۈلسە دېمەككى بىز مەقسەتلىك ھالدا تارىخ پېنى

قارىلانغان، ئوبرازى خۇنۇكلەشتۈرۈلگەن بىر مىڭگە يېقىن سىستېمىسىدىن كېلىپ چىقىپتۇق.

تارىخ دەرسلىكلىرىنىڭ قەستەن يالغان قىسسەلەر، بۇگۈن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئەپسانىلەر بىلەن تولدۇرۇلۇشى؛ تارىخ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تارىخنى ياخشى كۆرمەيدىغان ياكى تارىخ مېتودىنى بىلمەستىن قارا قويۇق ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىۋالغان ۋە شۇ بويىچە جۆيلۈيدىغان كىشىلەرنىڭ بولۇشى ياكى سۈپەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارغا سەزگۈر تېمىلار چېگراسى سىزىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاغزىنىڭ تۇۋاقلىنىشى؛ ئۆگىتىش ئۇسلۇبىنى يىلنامىلەرنى يادلىتىش ۋە بۇنىڭ ئىمتىھانىنى ئېلىش بىلەن چەكلەش ئارقىلىق تارىخنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئالدىدىكى نوپۇزىنى چۈشۈرۈش، ياشلارنىڭ قىزىقىشىنى تۆۋەنلىتىش؛ جەمئىيەتتە بۇ پەنگە ئالاقىدار كەسپلەرنى كاساتلاشتۇرۇش ۋە بۇ ئارقىلىق ياشلار قىزىققان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ كېلەچىكىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئاتا-ئانىلىرى تەرىپىدىن چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان ھالغا كەلتۈرۈش تارىخنى بۇرمىلاش، ئۆچۈرۈشنىڭ تۇنجى قەدىمى.

بۇ قەدەم تاماملانغاندىن كېيىن، بۇ سىستېمىنى بەرپا قىلغۇچىلار خاتىرجەم ھالەتتە ئۆزى ئويدۇرغان تارىخلارنى كەڭرى تارقىتىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تارىخقا بولغان ئېھتىياجىنى (مەيلى تارىخنىڭ ئوبرازى قانچە خۇنۇكلەشتۈرۈلسۇن يەنىلا بىر جەمئىيەتنىڭ ئۆز تارىخى ۋە بولۇپ ئۆتكەنلەرنى بىلىشكە زۆرۈر ئېھتىياجى بولىدۇ) قاندۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. خەلقتە توغرا خاتانى ئايرىيالىغۇدەك مېتود بىلىملىرى بولمىغىنى ئۈچۈن ئىزدىنىش جەريانىدا بازارغا سېلىنغانلارغا ئىشىنىشتىن باشقا يولى بولمايدۇ. ھەتتا، مېتود يوقسۇللۇقى تۈپەيلى مۇتلەق ئىشىنىپ قالىدۇ. بۇ ئارقىلىق تارىخنى بۇرمىلاشنىڭ ئىككىنچى قەدىمى روياپقا چىقىدۇ.

بۇ قەدەمدىن كېيىن ئۈچىنچى قەدەمدە يالغان ئۇچۇرلار بىلەن ئىدىيەسىنى شەكىللەندۈرگەن بىر جەمئىيەت ئۆزىنىڭ كىملىكىنىمۇ بۇ ئاساستا قۇرۇپ چىقىدۇ ۋە دۈشمەن قولى بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۆز ئىچىدە ئۆزىنى يوقىتىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ مېڭىسىگە كودلانغان بۇ پروگراممىا ئۇنى دۈشمەن خالىغان شەكىلگە ئەكېلىشكە تامامەن يېتىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسى، ئۆرپ-ئادىتى، كىملىكى ھەتتا تىل-يېزىقىغىچە دۈشمەنىنىڭ مەقسەتلىك تارقاتقان شۇ ئۇچۇرلىرى، قايتىدىن شەكىللەندۈرۈپ بەرگەن ساختا كىملىكىنى بار كۈچى بىلەن قوغدايدۇ ۋە شۇنىڭغا مېھرىنى بېرىپ ئەزىزلەيدۇ.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىللەتنىڭ نەسلى قۇرۇيدۇ ياكى ئەسلىگە زىت بىر كىملىكتە ھاياتىنى داۋام قىلىدۇ. بۇ ھالەتنى مەيلى قايسى ئاتالغۇدا ئاتايلى، شۇ مىللەتنىڭ بىر دەۋردە قوغداشقا تىرىشقان پۈتۈن ئۆزلۈكىدىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. تۆككەن قانلىرى، چەككەن رىيازەتلىرى بىكار بولىدۇ، مىللەت يېڭىلىدۇ.

بۇ ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش، خىتاينىڭ مەنىۋى زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇپ مېڭىمىزگە سېلىپ قويغان بويۇنتۇرۇقىدىن چىقىش، ھەر شەخس ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىنى باشقىسىنىڭ ياردىمىگە ئېھتىياجى چۈشمەستىن ئۆزى توغرىلىيالايدىغان، ھېچبولمىسا بىنورماللىقنى بايقىيالايدىغان بولالىشى ئۈچۈن بىز مىللەت بويىچە ئالدى بىلەن تارىخنىڭ نېمىلىكىنى، قانداق رول ئۆتەيدىغىنىنى پىششىق بىلىشىمىز ۋە نەزىرىمىزدىكى تارىخ ئوبرازىنى ئەسلى تېگىشلىكى بويىچە قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. تارىخنىڭ زېرىكىشلىك تۇيۇلۇشى تارىخنىڭ زېرىكىشلىك بولغىنىدا ئەمەس، تارىخنى

بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا
ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز (يەنى
غەلبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە
قىلماي، بىر كۈن بۇ پىرقىدە،
بىر كۈن ئۇ پىرقىدە قىلىمىز).

ئىمران سۈرىسى، 140-ئايەت

ئۆگەتكەنلەرنىڭ زېرىكىشلىك ئۆگەتكىنىدە. بولمىسا غەيۋەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم تەبىئىيتى بۇنچە غايەت زور ھەمدە يوللۇق غەيۋەت ساھەسىدىن قانداقمۇ زېرىكسۇن؟

تارىخ پۈتۈن تۈنۈگۈنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەمما ئۇ پەقەتلا ئۆتكەن كەچكەنلەرنىڭ يىغىندىسىلا ئەمەس. تارىخ ئىنسانىيەتنىڭ بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىلىرى، قىلغان ئىشلىرى، ئالغان قارارلىرى، بەرپا قىلغان پۈتكۈل مەدەنىيەتلىرىدىن باشلاپ ئەڭ رەزىل جىنايەتلىرىگىچە كۈن-چېسلالىرى بىلەن خاتىرىلەيدىغان ۋە بۇنى كۆپ تەرەپلىمىلىك تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق كەلگۈسىنى سىزىشقا ۋە خاتا قارارلار تۈپەيلى كېلىپ چىققان بەختسىزلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دەل چارىلەرنى تاپىدىغان يەكۈنلەرنى چىقىرىشقا مەسئۇل بىر ساھە. توغرىسىنى قىلىپ ئېيتقاندا تارىخ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ ئاچقۇچى، سىرلىق كەلگۈسىنى يورۇتالايدىغان بىر چىراغ. چۈنكى ئىنسان تەبىئىيتى دەۋرلەرنىڭ ئۆزگۈرۈشىگە قاراپ پەرقلىق كۆرۈنسىمۇ تۈپكى ماھىيەتتىن ئۆزگەرمەيدۇ. ئەجدادلارنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنىڭ ئۆز ئەينىنى ئەۋلادلارنىڭمۇ تەكرار سادىر قىلىۋاتقىنىنى، بىر گۈللىنىشنىڭ تارىختىكى ئوخشاش خاتالىقلار تۈپەيلى زاۋاللىققا يۈز تۇتقىنىنى كۆرۈپ تۇرىمىز. ھەتتا بۇ خاتالىقلار ئوخشىمىغان جۇغراپىيىدىكى ئوخشىمىغان ئىنسانلاردىمۇ ئوخشاش شەكىلدە كۆرۈلىدۇ.

زۇلۇم، ئادالەتسىزلىك، قىرغىنچىلىق، جاھالەت، قانۇنسىزلىق، ئەخلاقسىزلىق قاتارلىق قىلمىشلار بۇنىڭ تىپىك مىسالى. مەيلى قايسى مىللەت قايسى تۇپراقتا بىر ھاكىمىيەت قۇرمىسۇن، ھاكىمىيەت زۇلۇم ۋە زۇلۇمغا سۈكۈت قىلغانلار، پاراغەت قوغلىشىپ ئۆزىنى نادان ۋە ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا ئاتىغانلار تۈپەيلىدىن ھەمىشە ھالاك بولۇپ تۇرغىنىنى تارىخ بەتلىرىدە ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. نەدە ھېچكىم كۆزگە ئىلمىغان نامرات بىر قەبىلە، ئاجىز بىر بەگلىكنىڭ ئادالەت ۋە ئاقىللىققا ئىنتىلگىنى ئۈچۈن دۇنيانى تىترەتكۈدەك ئىمپېرىيەلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىنىگىمۇ شاھىتلىق قىلىمىز. شۇنداقلا، بۇ ئىمپېرىيەلەرنىڭمۇ ئەينى خاتالىقنى تەكرارلىغىنى تۈپەيلى خەلقىنىڭ نادان، ھاكىمىيىتىنىڭ زالىم بولغىنى ئۈچۈن ئاجىزلاپ يىقىلغىنىنى جىق ئۇچرىتىمىز.

يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرگەنلىرىمىز ئەڭ ئاددىي ۋە ھەر قانداق ئەقلى بار ئادەملەر پەرز قىلالايدىغان نەتىجە-سەۋەبلەر. ئىنسانىيەتنىڭ باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ھاياتى ئۇنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، دىنىي قىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاساستا ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر شەكىلدە داۋاملىشقان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بىزنىڭ يولۇققىدىغان مەسىلىلىرىمىز ۋە ئېھتىياجلىق بولىدىغان چارىلىرىمىز ئىككى تۆت تال ئابستراكت ئاتالغۇ بىلەنلا ئاتاپ جاۋاب تاپقىلى بولىدىغان ئاددىي ۋە يۈزەكى مەسىلىلەر بولماستىن ئىنچىكە ۋە نازۇك تېمىلار بولۇپ كەلدى. بىز ئىگە بولىدىغان بىر خاتا ئۇچۇر، نامۇناسىپ ئۇسلۇبتا ئېلىپ بېرىلغان تەھلىل، چىققان خاتا يەكۈن بىزنى قايتۇرۇپ ئالالماس مۇسىبەتلەرگە يولۇقتۇرىشى، ئالتۇن پۇرسەتلەرنى شۇنداقلا قولدىن كەتكۈزىۋېتىشى، مەۋجۇتلۇق كۈرىشىمىزنىڭ ھەل قىلغۇچ پەيتىدە بىرلىكىمىزنى پارچىلاپ بىزنى ھايات سەھنىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇ سۆزلىگەنلىرىمىز بىر كۈننىڭ ئىچىدە ئارقا ئارقىدىن مەيدانغا كەلمىگىنى تۈپەيلىدىن تارىخ بىلىمىنى بىلمەيدىغان ئاۋام ئۈچۈن قۇرۇق ۋەھىمىدەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن، ئەمما ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى تارىخنى كۆزەتكەن كىشىگە شۇ قەدەر ئېنىق ئايدىڭ كۆرۈنىدۇ. تارىختا ھېچبىر ئىش تۇيۇقسىز ياكى بىر كېچىدىلا شەكىللەنمەيدۇ، كىچىككىنە بىر نوقۇش نەچچە ئەسىرگە سوزۇلىدىغان كۈلپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقالايدۇ. بىز كۆپ ئاڭلىغان «ئاللاھنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىگە تارىخنىڭ يۆلىنىشىنى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا ھەقىقىي يەتسەك كېرەك. بۈگۈن سالغان ئۇرۇقنىڭ مېۋىسىنى يىللاردىن كېيىن ئاندىن كۆرەلەيمىز. مانا بۇ ئاددىي پرىنسىپنى تارىخ مېتودى نۇقتىسىدىن بىلىش بىزنىڭ نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىۋاتقان مەۋجۇتلۇق كۆرۈشىمىزدە قانداق قەدەمنى قايسى چاغدا ئېلىشنى ئۆگىتىش بىلەن ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ قانداق چاغدا قولىمىزغا تېگىدىغىنىنى بىلدۈرۈپ ئەھمىيەتسىز ئىشلارنى قىلىشتىن ياكى زىيادە ئالدىراپ كېتىپ ئۆزىمىزنى ۋە ئەتراپىمىزدىكىلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويۇشتىن بىزنى ساقلاپ قالىدۇ.

تارىخ تولىمۇ قىزىقارلىق ۋە كۆپ تەرەپلىك بىر پەن. بىز تارىخنىڭ ھەر بىر باسقۇچىدا شۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن

ئىجتىمائىي تەرەققىياتلار، كۇلتۇر-مەدەنىيەتلەر، ئەدەبىيات-سەنئەتلەر، تۇرلۇك-تۇمەن يېڭى بىلىملەر ۋە بۇلارنىڭ دۇنيا مىقياسىدا قانداق ئىقىملارنى بەرپا قىلغىنى، ئۆز ئارا قانداق تەسىر كۆرسىتىپ دۇنياغا يېيىلغىنى ۋە بۇنىڭ تەسىرىنىڭ بۈگۈنگە قەدەر داۋاملاشقىنى ھەتتا شەخسەن ئۆزىمىزدىمۇ مەۋجۇت بولۇۋاتقىنىنى كۆرۈش ئىنتايىن كۆڭۈللۈك، ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالىدىغان بىر جەريان. بىز بۇ جەرياندا ئۆزىمىزنى قايتىدىن تونۇيمىز، كەلگۈسىنى قايتىدىن كۆرىمىز، يالغۇز ئاچچىق ئىبرەتلەرنىلا ئەمەس ھاياتنىڭ ھەقىقەتلىرىنىمۇ بىلىپ قالىمىز. ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەت ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلغىنىنىلا ئەمەس بىرلىكتە چىقىشىپ، مەنىلىك ياشاش ئۈچۈنمۇ تۆككەن ئەجىرلىرىگە شاھىت بولىمىز. دۇنياغا ۋە ئىنسانلارغا بولغان تونۇشىمىز، نەزەر-دائىرىمىز ئاشىدۇ. بولۇپمۇ بىزدەك تارىخ ئورنىغا ئەپسانە ۋە توقۇلما ھېكايىلەر ئۆگىتىلگەن ئاچ بىر مىللەت ئۈچۈن بۇ تېخىمۇ ئەھمىيىتى زور بىر جەريان بولىدۇ.

ئەمدى بۇ جەرياننى بېسىپ ئۆتكەندە، خاتا بىلەن توغرىنى ئايرىش ئۈچۈن قانداق نەرسىگە قانچىلىك ئىشىنىش ۋە قانداق تەھلىل قىلىپ قانداق يەكۈن چىقىرىشنى ياخشى بىلىش كېرەك. بولمىسا يۈزەكى كاللىمىز بىلەن تەنقىدىي تەپەككۇر قىلمىغان ئاساستا ئۇدۇل كەلگەن مەنبەلەرگە قارىغۇلارچە ئىشىنىپ كېتىپ ھېسسىياتىمىزنى ئىسراپ قىلىپ، خاتا تۇزاقلارغا چۈشۈپ كېتىپ قېلىشىمىز تۇرغانلا گەپ. تارىخنى ئۆگىنىشتىن بۇرۇن بىز ئۇيغۇرلار دۇنيانىڭ بىز تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ قۇۋ ۋە مۇرەككەپ ئىنسانلار بىلەن تولغىنىنى ئوبدان قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىزنىڭ تېخى يېقىن تارىخلارغىچە كۈچلۈك ئورۇندا تۇرغان، دۇنيانىڭ ئۈچتىن ئىككىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مۇسۇلمان ۋە تۈرك كىملىكىگە ئائىت ئىكەنلىكى ۋە بۇلارنى يىقىتىش ئۈچۈن بىرلەشكەن كۈچلەرنىڭ ئاۋۋال ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلام زېھنىيىتى ۋە تارىخىغا، مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ مىللىي تارىخلىرىغىمۇ بۇزغۇنچىلىق سالغىنىنى سەممىزدە ياخشى تۇتۇشىمىز، مەنبە تاللىغاندا خۇددى خىتاينىڭ مەنبەلىرىگە ۋە خىتايدا مائارىپ كۆرگەنلەرنىڭ مەنبەلىرىگە، ياقىلىغانلىرىغا قانداق گۇمانىي نەزەر بىلەن قارىغان بولساق ئىسلام ۋە تۈرك دۈشمەنلىكى بولغان قەۋملەرنىڭمۇ تەمىنلىگەن مەنبەلىرىگە سەگەكلىك بىلەن قاراش لازىملىقىنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك. بەربىر تارىخ مېتودى قائىدىلىرىنى بىلىش بۇلارنى ئۆزلۈكىدىن ھازىرلايدۇ، ئەمما يازمىمىز بۇنىڭدىن بۇرۇن تارىخ ھەققە ھېچ ئويلىنىپ باقمىغان كىشىلىرىمىزنىمۇ كۆزدە تۇتقىنى ئۈچۈن بۇنى بىرئاز ئوچۇقلاشتۇرۇپ سۆزلەش ئېھتىياجى ھېس قىلدۇق.

تارىخ مېتودى، ۋەقە، دەلىل، شاھىت ۋە بۇلارنى خاتىرىلىگەن يازما-ماتېرىياللارنى مەنبە قىلىپ تۇرۇپ، ۋەقە ھەققە زامان ۋە ماكانىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇپ، كۆپ تەرەپلىملىك سۈرۈشتۈرۈش، تەتقىق قىلىش، ئىنچىكە ئىزدىنىش، ئوخشاش بىر ۋەقەنى ئوخشىمىغان قىممەت-قاراش، ئارقا كۆرۈنۈش، نىيەت-مۇددىئادىكى ئوخشىمىغان مەنبەلەردىن قاراپ بىر-بىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش، ئارىسىدىكى باغلارنى تېپىش، باھالاش، يەكۈنلەش قاتارلىق قەدەم باسقۇچلارنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇلارنىڭ بىرەرى كەم بولسا تەھلىلدە ۋە ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ يەكۈندە خاتالىققا سەۋەب بولىدۇ. ئاددىيلاشتۇرساق، يالغۇز ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىنىلا تەكشۈرۈپ قالماي مەنبە ۋە تەمىنلىگۈچى ھەققىمۇ تۆۋەندىكى سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويىمىز ۋە ئالدىمىزدىكى پەرقلىق ھەر بىر مەنبەنى ئوخشاش مۇشۇ ئۇسلۇبتىن ئۆتكۈزىمىز: مەنبەنى كىم، قايسى مەقسەتتە خاتىرىلىدى؟ ئۇنىڭ بۇ ۋەقەگە بولغان شەخسىي كۆز-قارىشى نېمە ئىدى؟ نېمىگە ئاساسەن بۇنداق قارىدى؟ يەنى دىنىي ۋە ئىلمىي كۆز-قاراشلىرى، ئەنئەنىۋىي قىممەت-قاراشلىرىنىڭ قانداق تەسىرلىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن؟ شۇ ۋاقىتتىكى سىياسىي كۈچلەرنىڭ تەسىرى بۇ ۋەقەدە، خاتىرىدە قانداق ئەكس ئەتكەن؟ مەسىلەن، ئۆز تارىخىمىزدىن بىر سوئال چىقىرىپ باقساق، «ھەقىقىي خوجىنىياز ھاجى قانداق كىشى ئىدى؟» بىز تونۇغان ئىز رومانىدىكى خوجىنىياز ھاجى ئوبرازى بىلەن مۇھەممەتئىمىن بۇغراخان ھەزرىتىم ۋە باشقا شاھىتلارنىڭ قالدۇرغان خاتىرىلىرى ۋە ئەمەلىي يېزىلغان ھۆججەتلەر، شۇ دەۋرنى قەلەمگە ئالغان رۇس جاسۇسلىرىنىڭ دوكلاتلىرى، ھەتتا خىتاي ۋە تۇڭگانلارنىڭ مەنبەلىرى بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى تېپىشىمىزغا مەنبە بولالايدۇ. پەقەتلا ئىز رومانىدىن تونۇغان ئوبراز يېتەرلىك ئەمەس، (ئەسلىدە رومانىدىن

بىر جاۋاب چىقىرىش توغرا ئەمەس، ئەمما بىزنىڭ ئەھۋال ئالاھىدە بولغىنى ئۈچۈن بۇنىمۇ نەزەرگە ئېلىپ تۇرايلى.) يالغۇز ھەزرىتىمىنىڭ كىتابىدىن تونۇپ يەكۈن چىقىرىشىمۇ يېتەرلىك ئەمەس. ئەمما بۇلاردىن مەلۇم تونۇشقا كېلىشۋالغان بولساقچۇ؟ بۇ ئەھۋالدا ھاياجىنىمىزنى تۇتتۇۋېلىپ، ئۇ قاراشقا «زادى مۇشۇنداق ئىدى» دەپ ئىشىنىۋېلىشتىن ساقلىنىش ۋە بىر گۇمانىي نەزەرنى ئېھتىمال سۈپىتىدە مېڭىمىزدە قالدۇرۇش كېرەك. بۇ كېيىنچە بىز كۆتمىگەن بىر ئەھۋاللارنىڭ ئوتتۇرىغا چىققىنىدا ئۇمىدسىزلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن يالغانلاردا ئۆزىمىزنى ئەللەيلەپ تارىخىي خاتالىقىمىزنى تونۇيالماي قېلىشىمىزنىڭمۇ ئالدىنى ئالىدۇ.

تارىخ ھەققە مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك ئېنسىكلوپېدىيەگە ياكى مەلۇم كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىشىمىز مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭغا يېزىپ پۈتۈلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىش ۋە شۇ بويىچە «مۇشۇنداق بوپتىكەن ياكى بۇ كىشلەر مۇشۇنداق ئادەملەركەن» دەپ يەكۈن چىقىرىش تولىمۇ يەڭگىلتەكلىك بولىدۇ. شۇنداقلا بۇ كۆپ ھاللاردا بىر تەرەپلىمە ۋە تار دائىرىدە تەپەككۇر قىلىدىغان بىر زېھنىيەتكە بىزنى باغلاپ قويىدۇ. ئومۇمىي بىر جەمئىيەتنى بىلىش بۇ ياقتا قالسۇن، ئاددىي بىر ۋەقەنىڭ ئەڭ توغرا سەۋەبىنى ۋە بۇنىڭ نەتىجىلىرىنى بىلىش ئۈچۈنمۇ ئوخشىمىغان ۋارىيانتلىرىنى بىلىش، ۋەقە ئورنىنى چۈشىنىش، شۇ ۋەقەگە داخىل بولغان كىشىلەرنىڭ قىممەت-قارىشى، ئادىتى، مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى بىلىش، ھەرىكەت مۇددىئاسىنى ئاڭقىرىش، بىزگە ئۇچۇر تەمىنلىگەن شاھىتلارنىڭمۇ ئارقا كۆرنىشى، چۈشىنىش ئىقتىدارى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى قاتارلىقلارنى چۈشىنىش كېتىدۇ. ئۈستىدە تارىخنىڭ بىر غەيۋەت ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدۇق، ئىككى كىشى ئارىسىدىكى كىچىككىنە بىر گەپنىڭمۇ ئۈچىنچى بىرسىگە ئۆتكەن چاغدا خاراكتېرىنىڭ، ھېس قىلدۇرىدىغانلىرىنىڭ سۆزلەنگەندىكى تەلەپپۇز ۋە روھى ھالەت تۈپەيلى ئۆزگۈرىدىغىنىنى ۋە بۇ تارقالغان سۆزنىڭ ئەسلى ھالىنى بىلمىسەك ئورۇنسىز كۆڭۈل ئاغرىقىغا سەۋەب بولۇپ كىشىلىك مۇناسىۋەتتە خاپىلىق تارتىدىغىنىمىزنى بىلىمىز. بىر ئاددىي سۆز مۇشۇنچە ئىشلارنى تېرىغان يەردە بىر تارىخىي ۋەقەنىڭ سالمىقى تەبىئىيلا ئېغىر بولىدۇ ئەلۋەتتە. تارىخ كەلگۈسىنى سىزىش قورالى دېيىلگەن ئىكەن، بىر تارىخىي ۋەقەنىڭ ئەڭ توغرا شەكلىنى بىلمەسلىك خاتا يەكۈن تۈپەيلى كەلگۈسىدىكى بىر قەدەمنى خاتا ئېلىش ۋە ئىستىقباللىمىزغا ئولتۇرۇش خەۋپىنى بىرلىكتە ئېلىپ كېلىدۇ.

تارىخنى بىلىش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت دەلىل پاكىتنى تەلەپ قىلىدىغان ۋە دەلىل پاكىتنىڭ مەنبەسىنى، مۇددىئاسىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان ۋە ئەڭ لىللا جاۋابنى تاللاپ تەھلىل قىلالايدىغان ۋە ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىگە ئەڭ ئۇيغۇن كەلگەن يەكۈننى تاللاپ ئىدىيە شەكىللەندۈرىدىغان تەنقىدىي تەپەككۇرنى ئۆزىمىزدە يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك بولىدۇ.




ئاخىرىدا بىزدە ئەڭ ئېغىر ئىككى خاتالىقنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ئارقىلىق يازمىنى تاماملىماقچىمىز. مىللىتىمىزنىڭ دۇچ كەلگەن ئېغىر پاجىئەسى تۈپەيلى تارىخىنىڭ چەكلىنىشى، مائارىپ ئەركىنلىكىمىزنىڭ چەكلىنىشى بىزنىڭ تەۋەررۇك ئۇستازلىرىمىزنىڭ تارىخنى تارىخ سۈپىتىدە بىزگە يەتكۈزەلمەستىن، زورۇر ئۇچۇرلارنى ئەدەبىياتقا سىڭدۈرۈپ رومان ئارقىلىق نۇرغۇن مەزمۇنلارنى يوشۇرۇشقا ۋە بىر قىسمىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولۇپ تۇرۇپ ۋە بۇ كۆمۈلگەن ئىزلارنى كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ تېپىشىنى ئۈمىد قىلىپ يېزىپ قالدۇردى. بۇ ئۇدۇم ھازىرغىچە داۋام قىلىپ بىز تارىخ ئۆگىنىش ئۈچۈن رومانغا مۇراجىئەت قىلىدىغان، تارىخ يازىدىغانلارمۇ رومان يازىدىغان ھالەت شەكىللەندى. بىلىشىمىز كېرەككى، تارىخىي رومان پەقەتلا بار ئۇچۇرلار ياكى شەخسلەرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىش ئارقىلىق يازغۇچىنىڭ مەلۇم ئىدىيەسىنى ئوقۇرمەنلەرگە سىڭدۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. رومانىنىڭ ئىچكى

1- 18- ئەسىردە ياشىغان ئىسپانىيىلىك پەيلاسوپ، شائىر، يازغۇچى

قىسمىلىرى مەيلى قانچە راست ۋەقەلەرنى تىلغا ئالغان بولسۇن ئۇنىڭدا ھەقىقىي ئەھۋالنى يېپىپ كەتكۈدەك توقۇلمىلار ۋە مەقسەتلىك ئىدىيەلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ ۋە بۇ ئىشەنچلىك تارىخ ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەسلا مەنبە بولالمايدۇ. ھەم ئەدەبىي ئېھتىياج تۈپەيلى ئوبرازلار بەك سەلبىي ياكى بەك ئىجابىي تەسۋىرلەنگىنى ئۈچۈن بىزنىڭ كىشىلەرگە بولغان قارىشىمىزمۇ ئاق ياكى قارا دەپلا چەكلىك دائىرىدىن چىقالمايدىغان گۆدەك شەكىلدە قېلىشقا سەۋەب بولدى. بۇ مۇرەككەپ سىياسىي ھاياتنى چۈشىنىشىمىزگە توسالغۇ شەكىللەندۈرگەن ئامىللارنىڭمۇ بىرى بولۇشى مۇمكىن. تارىخ تەرەپسىز ۋە پۈتۈنلەي پاكىتلارغا تايىنىلغان تەتقىقات مەنبەلەردىن ئۆگىنىلىشى كېرەك بولغان، ئىنسانغا يالغۇز بولۇپ ئۆتكەنىنلا بىلدۈرىدىغان ئەمەس بەلكى يېڭى پىكىر ياراتقۇزىدىغان، كېرەكلىك ئىدىيەلەرنى شەكىللەندۈرىدىغان بىر بىلىم. رومان بەلكى تارىخىي شەخسلەر بىلەن باغ قۇرۇشقا ياردەم بېرىپ ئەستە تۇتۇشنى ئاسانلاشتۇرىشى مۇمكىن، ئەمما رېئاللىقتىكى ئۇ شەخس ھەممىشە يازغۇچىنىڭ تەسۋىرىدىن كۆپ پەرقلىق بولىدۇ. بۇلارنى ئۇنۇتماسلىق لازىم.

يەنە بىر نۇقتا شۇكى، تارىخىي روماننى يازغۇچىنىڭ تارىختىكى بىر شەخستىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئوچۇق ئىپادىلىيەلمىگەن ياكى تارقىتىشنى خالىغان ئىدىيەلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزىدىغان بىر ۋاسىتىسى. بىزدە بۇنى پەرقلەندۈرەلمەستىن نەچچە يۈز يىللار بۇرۇنقى كۈنلەرنى بۈگۈننىڭ كۆزىدە كۆرۈۋالىدىغان ۋە بۈگۈننىڭ كاللىسىدا تەپەككۇر قىلىپ خاتا يەرگە خاپا بولۇپ يۈرىدىغان ھالەتلەرمۇ شەكىللەندى. ۋە بۇ تارىخنى بۈگۈننىڭ كۆزىدە كۆرىدىغان ئەھۋال يالغۇز بىزدىلا ئەمەس، پۈتۈن تۈركىي قوۋملاردا - ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈرك، تۈركمەن قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئومۇمىي ھادىسە سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. بەلكى بۇ ئەھۋال بۇ قوۋملارنىڭمۇ رۇسلار تەرىپىدىن بىزگە ئوخشاشلا مەقسەتلىك ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا دۇچ كەلگىنى، مائارىپ سىستېمىسىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغىنى تۈپەيلىدىن ئىلمىي مېتودلاردا ئاجىزلىقىدىن بولسا كېرەك.

ئاناكرونىزىم دەپ ئاتالغان ئۆتمۈشنى بۈگۈننىڭ ئىدىيەسىدە تەھلىل قىلىشتىن ئىبارەت بۇ خىل تارىخ ساھەسىدىكى خاتالىق ئۆز ئەجدادلىرىمىزنى خاتا تونۇش، خاتا چۈشىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۆز مىللىي كۈلتۈرىمىز، بىز ئىگە بولغان مەدەنىيەتنى خاتا تونۇش بۈگۈنكى كىملىكىمىزنى يارىتىشتا بىزنى ئورۇنسىز توقۇنۇش ۋە دەتالاشلارغا ئەكىرىپ قويىدۇ. مۇسۇلمان خانىم-قىزلىرىمىزنىڭ ھىجاپلىنىشنى ئەرەبلىشىش دەپ خاپا بولۇۋاتقان بىر قىسىم كىشىلىرىمىزدە بۇ خىل خاتالىقنىڭ ئىزناسىنى كۆرەلەيمىز. بۇنىڭغا ئوخشىغان نۇرغۇن ئورۇنسىز جېدەللەر ئۇيغۇرنىڭ بۈگۈنكى كۈنلۈك ھاياتىدا ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆرۈلۈشكە باشلىدى. خىتاينىڭ نادان قالدۇرۇش سىياستى، ئۇنۇمسىز ۋە مېڭە يۇيۇش خاراكتېرىدىكى مائارىپى بىزنى تېخىمۇ قايمۇقىدىغان ۋە تېخىمۇ ئىلمىي بولمىغان تەپەككۇر ئۇسۇلىغا ئىگە قىلىپ قويدى. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، مىللىي كىملىكىمىزنى خىتاينىڭ زەھەرلىشىدىن تازىلاپ قايتىدىن بەرپا قىلىش، ئەجدادلىرىمىز بىلەن بىغىمىزنى قايتا قۇرۇش بىزنىڭ جىددىي بىر شەكىلدە ئىزدىنىش ۋە تەپەككۇر ئادەتلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلىش، ئىلمىي مېتودلارنى ئۆگىنىش، تەنقىدىي تەپەككۇرنى يېتىلدۈرۈشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ.

## بۇ ماقالە ئۈچۈن پايدىلانغان مەنبەلەر:




- **Tarih İçin Metodoloji**
  - 2018
  - PGEM AKADEMI
  - Ahmet ŞİMŞEK




- **Tarihin toplumdaki işlevi ve yeri**
  - 2012
  - ELİF KİTABEVİ
  - Prof. Dr. İBRAHİM GÜLER



# ئىسلامدىكى كرىزىس - مائارىپ*

ئاپتورى:شەكىب ئارسلان
(1946-1869)

ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى:ئابدۇلھەمىد كەۋسەر
ئىستانبۇل تەجدىد ئۇنىۋېرسىتېتى
شەرىئەت ۋە ئىسلام بىلىملىرى ئوقۇغۇچىسى

ئانالىزچىلار ئىسلام دۇنياسى گىرىپتار بولغان كۆلپەتلەرنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ھەرخىل پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا. بۇ سەۋەبلەر نۆۋەتتىكى كرىزىسلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، بۇ شەكىلدىكى تراگېدىيە نە ئىسلام تارىخىدا، نە ئەھلىسەلىپ تارىخىدا، نە موڭغۇل تارىخىدا، نە ھېچ قايسى مىللەتنىڭ تارىخىدا يۈز بېرىپ باقمىغان ئۆرنەكسىز تراگېدىيە ئىدى.

ئۇلار ئىسلامنى تۆت تەرەپتىن قورشىۋالغان خەتەرلەر ۋە ئۈزۈكسىز داۋاملىشىۋاتقان كرىزىسلار ھەققىدىكى كۆز قاراشلارغا ھەر تەرەپتىن نەزەر سېلىپ، خەتەرلەرگە نىسبەتەن چىقىش يولى، كرىزىسلارغا بولسا ھەل قىلىش چارىسى ئىزدىمەكتە. ھەركىم دەلىلىنى، ھەل قىلىش چارىلىرىنى، ئۇسلۇبىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆز پىكرىگە يېتەكلەيدۇ، ئەلۋەتتە.

بەزى تەھلىلچىلەر ئىسلام دۇنياسىنىڭ كېسەللىنى تاشقى جەھەتتىن ياۋروپانىڭ جاھانگىرلىكىگە، ئىچكى جەھەتتىن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر پۈتۈن ھالەتتە ماددىي ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش، تۇرمۇشىنى تېخىمۇ پاراۋانلىقىقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن مال دۇنياغا دۇم چۈشۈپ، تەڭگە-تىللاغا قۇل بولۇپ، كېچە-كۈندۈز مال دۇنيا توپلاش كويىدىلا يۈرگەنلىكىگە باغلاپ ئىزاھلايدۇ. يەمەنلىك ئىمام يەھيانىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، ياۋروپالىقلار ئۆز دۆلىتىدىكى جىمى بايلىقلارنى ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، يەپ-ئىچىپ، ھېچنېمىسى قالمىغاندا تۈپرىقى مۇنبەت، ئەڭ نەپىس بايلىقلارغا ئىگە ئىسلام دۇنياسىغا يۈرۈش قىلىدۇ-دە خەزىنىسىنى توشقۇزۇش، پاراۋانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ بايلىقىنى سۈمۈرۈپ، بۇلاقلىرىنى قۇرۇقداپ قويۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

يەنە بىر قىسىم تەھلىلچىلەر، ياۋروپالىقلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا ئۈزۈكسىز قىلغان بۇ ھۇجۇمى، يۈزەكى قارىغاندا جاھانگىرلىك، مال دۇنيانى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشتەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەتتە دۇنياۋى نەپسانىيەتچىلىك، ماددىي تەمەنى مەنبە قىلمىغان، بەلكى بۇ ئەسىرلەر بويى مۇسۇلمانلار بىلەن ياۋروپالىقلار ئارىسىدا ئۈزۈكسىز داۋاملىشىپ كەلگەن ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىنىڭ داۋامى دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئىككى تەرەپ تاكى دەۋرىمىزدە ياۋروپالىقلارغا ئۆزىنى نامايان قىلىش پۇرسىتى يېتىپ كەلگەنگە قەدەر كەسكىن رىقابەتتە ئىدى. پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە بولسا، پەرەڭلەر



*«ئىسلام ۋە مەدەنىيەت»، شەكىب ئارسلان ماقالىلىرى توپلىمى، 2011

يىقىلغان يېرىدىن دەس تۇرۇپ، خىزمىتىنى يېڭىدىن باشلاپ ئىلگىرى بېھۇدە تۆكۈلگەن قانلىرىنى سۈيىئىستېمال قىلىشقا باشلىدى.

مەسىلەن: فرانسىيە 1- ۋە 3-ناپولېئون دەۋرىدە سۈرىيەگە 13 قېتىم ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى قوزغىدى. ھەر قېتىملىق ئۇرۇشتا مال- دۇنيا، ئەسكەر چىقىم تارتقان بولسىمۇ بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە قايتا ھۇجۇم قىلدى. 13 قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، مەجبۇرى ھالدا چېقىپ كەتكەن زېمىندا يەرلىشىشكە ئۇرۇنۇشنىڭ قانداقمۇ ھەيران قالارلىق تەرىپى بولسۇن!

ئەنگلىيە پادشاھى رىچاد، ئوتتۇرا ئەسىردە قۇددۇسنى ئىشغال قىلىشقا ئۇرۇنغان ۋاقىتتا، فاتىھ سالاھىدىن ئەييۇبىي قۇددۇسنى مۇداپىئە قىلىپ، رىچادنى ئارقىسىغا چېكىندۈرگەن بولۇپ، ياۋروپالىقلار ئاردىن 750 يىل ئۆتكەندە، ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلەپمۇ روياپقا چىقىرالمىغان ئىشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن قايتىپ كەلدى. ھالبۇكى ئۇلارنىڭ قەلبىدە ھەسرەت ئوتلىرى يالقۇنجاۋاتاتتى. بۇ ئوتنى گېنېرال ئەللەنبى ئۆچۈرۈپ سەككىز ئەسىردىن كېيىن، سالاھىدىن ئەييۇبىينىڭ ئەمگىكىنى بىكار قىلغانلىقىنى بىتەرەپ تۇرۇپ ئوچۇق جاكارلىدى.

بەزى تەھلىلچىلەر، بۇ يەردە دىنىي ئۆچمەنلىك، ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى دېيىلگەن نەرسە قەتئىي مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى خرىستىئانپەرەسلىك ياۋروپادىن ئۈزۈل-كېسىل يوقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ياۋروپاپەرەسلىك ۋە غەرب مەدەنىيىتى ئىگىلىگەن. شۇڭلاشقا، ياۋروپا ئۆز دىنىنى تارقىتىشقا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. بىردىنبىر كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشى ئىنسانلارغا شەرق مەدەنىيىتىدىن كۆرە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئەۋزەل بولغان غەرب مەدەنىيىتىنى تارقىتىش دەپ قارايدۇ. (بۇ جاھانگىرلارنىڭ سۈيقەستى ۋە بەزى مۇجەددىدلەرنىڭ (يېڭىلىق ياراتقۇچىلار- تەھرىردىن) ئازغۇنلۇقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس).

يەنە باشقىلار، غەربنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا ئۆزىنى ئېتىشىنىڭ سىرى، ياۋروپا ئەللىرى ئارىسىدىكى ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆز - ئارا ئېلىپ بارغان رىقابەت، كۈرەشتە دەپ قارايدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر دۆلەت، قوشنا ئەلنىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرۇشى ياكى تەڭ ئىلگىرلىشىدىن خەۋپسىرەيدۇ. نەتىجىدە باشقا دۆلەت قول سېلىپ كۈچ، ھۆكۈمرانلىق، رەھبەرلىك جەھەتلەردە ئۆزىدىن ئېشىپ، دۇنيانىڭ پەۋقۇلئاددە كۈچىگە ئايلىنىشتىن ئىلگىرى ئىسلام دۇنياسىغا ياۋۇز قولىنى سوزۇپ، قوشنا ئەللەرنىڭ تىجارەت يوللىرىنى كونترول قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

پۈتۈن تەھلىلچىلەر ئىسلام، ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە مۇسۇلمانلار دۇچ كەلگەن زەئىپلىكنى يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا، يۇقىرىقى سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى ياكى بىر بۆلىكى ئارقىلىق كېلىدىغان خەتەرلەر ۋە يېڭى شۇملۇقلارنى ھېس قىلىپ تۇرىدۇ.

> **ئىبرەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلدۇق.**
>
> ئەنئام سۈرىسى
> 126-ئايەت

بىز دەيمىزكى، دەرۋەقە يۇقىرىقى سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى ئورۇنلۇق. ئىسلام بۇ مەرھەلىگە مۇپتىلا. ھېچقانداق بىرىنى سۈپەتلەش ياكى خەتىرىنى تەخمىن قىلىشتا مۇبالىغە قىلغىنى يوق. لېكىن بۇلارنىڭ خەتىرى نۆۋەتتە مۇسۇلمانلار ۋە ئىسلامىي ھاكىمىيەتلەر يۈرگۈزىۋاتقان مائارىپ ئەندىزىسىگە سېلىشتۇرغاندا ھېچنېمە ئەمەس. بۇ مائارىپ ئۇسلۇبىنىڭ نەتىجىسى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن جاھانگىرلاردىن، ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىدىن، ئىقتىسادىي ھۇجۇملاردىن ۋە شۇنداقلا ھەر قانداق بالايىئاپەتتىن بەكرەك تراگېدىيىلىك.

بىز كۆزدە تۇتۇۋاتقان ناچار مائارىپ ئەندىزىسى، قەلب لەۋھەسىگە نەقىش ئويۇلۇپ كېتىدىغان يېشىدىن

باشلاپ قۇرئان كەرىمنى يادلاش، ئەرەب تىلى قائىدىلىرىنى ئۆگىنىشتىن يىراق ھالدا ئەقىدىسىز ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئاندىن ئۇلاردىن مۇسۇلمان بولۇشنى تەلەپ قىلىشتۇر!

مۇسۇلمانلار نۆۋەتتە، پىكىر ئۇرۇشى ۋە كوممۇنىزم، لىبېرالىزم، دېموكراتىيەگە ئوخشاش زەھەرلىك پرىنسىپلارنىڭ يامراپ كەتكەنلىكىدىن شىكايەتچى. ماددىي دۇنياغا بىر پۈتۈن چوقۇنۇش، مەنىۋىي تەرەپتىن بىزەش ۋە شۇنداقلا ئىسلام دۇنياسى نۆۋەتتە مۇپتىلا بولغان پەرەڭلەر، يېقىنقى دەۋردە مۇسۇلمان ياشلاردا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

دەرۋەقە بىز ياۋروپانىڭ گېزىت-ژۇرنال ۋە ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شەرقنى كەزگەن ياۋروپالىق ساياھەتچىلەرنىڭ ساياھەت خاتىرىلىرىنى ئوقۇدۇق. ھەممىسى بىردەك ھازىر دىنسىزلىق ئىسلام دۇنياسىغا قەدەم ئالدى دەۋاتىدۇ. نۆۋەتتە مۇسۇلمانلاردا يۈز بەرگەن پىكرىي ھەرىكەت 18- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياۋروپادا تارقالغان ھەرىكەتكە ئوخشاپ كېتىدۇ دەپ قارىماقتا.

گوللاندىيەنىڭ بىر ژۇرنىلىدا: «ئىسلام دۇنياسىدىكى دىنسىزلىق ھەرىكىتى ھەرگىزمۇ داۋاملاشمايدۇ، بىراق ئۇ ھازىر پۈتۈن ئەتراپقا يامرىماقتا.» دېگەن مەزمۇندا بىر ماقالە ئوقۇدۇم. شىۋىتسارىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى ۋىليام مارتىن بۇ يىل قىشتىكى شام ۋە ئىراق ساياھىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتقان ۋاقىتتا جەنۋەدە لېكسىيە ئورۇنلاشتۇرۇپ باغداتتىكى مۇلاھىزىلىرىگە ئاساسەن ئىراقتىكى يېڭى ئەۋلادلارنىڭ ئىسلام دىنىدىن ئىنتايىن يىراقتا ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلغان.

ئىراقتا 35 يىل مۇقىم تۇرغان، موسۇلدا 150 يىلدىن بۇيان مەركەزلىرى بار بولغان فرانسىيىلىك پوپلارنىڭ مەلۇم بىر رەئىسى پارىژدا مۇنداق دەپ لېكسىيە سۆزلىگەن:

***«مۇسۇلمان ياشلار ئارىسىدا دىنسىزلىق ۋە دىندىن يىرگىنىش خاھىشى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە يامراش بىلەن بىرگە، ئەخلاقىدىمۇ شۇ قەدەر چۈشكۈنلىشىش يۈز بەردىكى، ھەتتا بىز پاستىر، پوپلار بۇ دىنسىز ياشلارغا قارىغاندا دىندار پېشقەدەملەرنى ئەلا بىلىدىغان ھالغا يەتتۇق.» _ ئاخىرىدا ياشانغان پوپ، ئىراق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ناچار روھى ھالەتكە قارىتا زىيادە ئاجىز پوزىتسىيەسىنى ئەيىبلىگەن.***

پۈتۈن مىسىرلىقلار بەزى-بەزىدە پارلامېنتقا قەدەر سىڭىپ كىرگەن دىنىي ئۆچمەنلىك ھادىسىسىدىن پەرياد چەكمەكتە. ئەگەر دىننى ئۆچ كۆرۈش ھادىسىسى يۈز بەرمىگەن بولسا، مىسىر ئۇنىۋېرسىتېتىمۇ پىكىر ئەركىنلىكى نامىدىكى شۈبھىلەرنىڭ ئوچىقىغا ئايلىنىپ قالمىغان بولاتتى.

سۈرىيەنىڭ ئۆزىمۇ باغرىدا چاقماق تېزلىكىدە يامراۋاتقان دىنسىزلىق كېسىلىنى ساقلىماقتا. ئەگەر ئاللاھ ئەنگلىيە ۋە فرانسىيەدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتكە ئەرەبلەرگە بەرگەن مۇستەقىللىق ۋەدىسىدە تۇرۇشنى ئىلھام قىلمىغان بولسا ئىدى، سۈرىيەدە ئىسلام دىنىنىڭ ۋەيران بولۇشى تەسەۋۋۇرلىگۈسىز دەرىجىدە ئېغىر بولغان بولاتتى.

لېكىن ئىتتىپاقداشلار قوشۇنىنىڭ بەرگەن ئەھدى پەيمانىنى بۇزۇپ، شەرقلىقلەرگە، خۇسۇسەن مۇسۇلمانلارغا ناچار مۇئامىلە قىلىشى، گېرمانىيە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىن ئىلگىرىكى قوي تېرىلىرىنى سېلىپ بۆرە تېرىسىگە ئورنىشى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا زومىگەرلەرچە يۈرگۈزگەن قارا سىياسىتى، مۇسۇلمانلاردا بولۇپمۇ ياشلاردا خىيانەتچى، يالغانچى ئەجنەبىيلەرنى يامان كۆرۈشنى مەنبە قىلغان ئىسلامىي ھەرىكەتنى پەيدا قىلدى. ئەگەر بۇ خىيانەتچىلەر ۋەدىسىدە تۇرغان بولسا ئىدى، بۇ ياشلار ئۇلارنى ياقتۇرغان، ھەتتا مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئىسلامنىمۇ يامان كۆرگەن بولاتتى. بىراق ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىن نەپرەتلىنىپ ئىسلامغا قايتتى.

مەن مۇتلەق مۇشۇنداق بولدى، دېيەلمەيمەن. چۈنكى مۇتلەقلەشتۈرۈش توغرا ئەمەس. بىراق بۇنى سۈرىيەنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان روھىي ھالەتنىڭ تەسۋىرى، دېيەلەيمەن.

ناماز-روزا بىلمەيدىغان، ئۇرۇش ئاخىرلىشىشنىڭ ئالدىدا دىنسىزلىقنى ئوچۇق-ئاشكارا ياقلايدىغان نۇرغۇنلىغان سۈرىيەلىك مۇسۇلمان ياشلارنىڭ ئەنگلىيە، فرانسىيەنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى سىياسىتىنى كۆرگەندىن كېيىن ناماز ئوقۇيدىغان، روزا تۇتىدىغان، ھەتتا ئىسلامنىڭ ئىجراچىلىرىگە ئۆچلۈك قىلىدىغان پەيلىدىن قايتقانلىقى تەھقىقلەندى. كىشىلەرنىڭ قىزىل بۆككە سەللە ئوراپ كىيگەنلىكىنى

ئاڭلىدىم.

مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارالسىمۇ مەن شۇنداق ئويلايمەنكى، ئەگەر ئىنتىپاقداش قوشۇن ۋەدىسىدە تۇرغان بولسا، ياشلىرىمىز ئۇلارنى دەپ شىلەپە كىيگەن بولاتتى. بۇ خىل روھىي ھالەت گاھىدا غەلىتە تۇيۇلۇشى مۇمكىن، بىراق بۇ رېئال ئەھۋال.

ئەگەر (زىئون مىللىي دۆلىتى) بولمىغان بولسا ئىدى، بۈگۈن بىز پەلەستىندە كۆرۈۋاتقان ئىسلامىي مۇستەھكەملىك بولمىغان بولاتتى. ئەگەر مەشھۇر ئىسلامىي دۆلەت (ئوسمانىيە خەلىپىلىكىنى دېمەكچى) گرېتسىيە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ياۋروپا بىلەن لوزان شەرتنامىسىنى ئىمزالىمىغان بولسا ئىدى، تۈركىيەدە دىنسىزلىق، ئىسلامنى ئۆچ كۆرۈش دېيدىغان نەرسە مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى.

كىيىم-كېچەك، ھۈنەر-كەسىپ، قانۇن قاتارلىقلاردا ئۆزگەرتىش بولمىغان بولاتتى. قوماندانىنىڭ كۆڭلىگە ئىلگىرى قىلغان ۋە ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن شۇملۇقلار كەچمىگەن بولاتتى.

شۇنداق! ئەگەر بۇ دۆلەت ئاقىۋىتى بىلىنمىگەن ئېنىقسىز دۆلەت پېتى داۋاملاشقان بولسا، ئىنتىپاقداش ئارمىيە بۈگۈنگىچە دۆلىتىنى ئىشغال قىلغان بولسا، ھېلىقى داڭلىق قوماندان ھەر جۇمە مەۋلۇت قىرائىتىگە ھازىر بولغان، ھەر كۈنى ئەرەبلەر ۋە مىسىرلىقلار ھەققىدە «مىللەتداشلىرىمىز» دەپ خىتاب قىلغان بولاتتى. دىنىنىڭ نۇسرىتى، ئەجنەبىيلەرنىڭ قولىدىن خەلىپىنى قۇتۇلدۇرۇش، خەلىپىلىكىنى ساقلاپ قېلىش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئويغىنىشى كېرەكلىكى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەيتتى، ئەلۋەتتە.

شەكسىز سەيد ئەھمەد نۇرسىنىڭ قولىنى سۆيگەن، ئايرودروملارغىچە ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالغان بولاتتى. ۋە يەنە مارىدىندا تۇرۇپ «جەڭ باشلاندى، بىزگە بۇخارىي شەرىپنى ئوقۇپ مەدەت بېرىڭلار» دەپ ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدەك تېلېگرامما ئەۋەتكەن بولاتتى. ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى باش مىنىستىرى سەيد ئەھمەد نۇرسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىككى سائەت يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېتەتتى.

ئەگەر بۇ مىللەت شەك ۋە جەزم ئارىسىدا ئىككىلەنگەن پېتى قالغان بولسا ئىدى مۇستەقىللىقىغا كاپالەتلىك قىلالمايتتى.

بۇ پەقەت تۈركىيەلىكلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى نۆۋەتتە ئەرەبلەردىمۇ بىخلىنىۋاتىدۇ. ئىسلام كۆلىپەت چۈشكەندىلا ئەسلىنىدىغان كوللىكتىپ خاراكتېرگە ئايلاندى. مۇبادا «تۈركىيە» بىر كۈنلەردە، بۈيۈك دۆلەتلەر بىلەن جەڭگە كىرىپ قالسا شەكسىز ئۇلاردا ئىمان، ئىسلام، جۇمە، مەۋلۇت، قۇرئان خەتمىسى، مەككىدە يۈز بېرىپ باقمىغان زىكىر-تەسبىھلەرگە خەۋەردار بولىسىز.

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تەئالانىڭ سۆزى نېمە دېگەن ھەق ھە! «ئىنسانغا بىرەر زىيان-زەخمەت يەتسە، ياتسىمۇ، ئولتۇرسىمۇ، تۇرسىمۇ، ئۇنى دەپئى قىلىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلىدۇ؛ ئۇلارغا يەتكەن زىيان-زەخمەتنى كۆتۈرۈۋەتسەك، گويا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلمىغاندەك يامان ئىشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ. ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ قىلمىشى ئۇلارغا مۇشۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى» سۈرە يۇنۇس 10 ~ 12 ئايەتلەر.

ئاللاھ تائالا سۈرە يۇنۇسنىڭ 22-ئايىتىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى خۇدا! ئەگەر سەن بىزنى بۇنىڭدىن، يەنى بالادىن قۇتۇلدۇرساڭ، بىز چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز، دەپ چىن كۆڭلى بىلەن دۇئا قىلىدۇ».

شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار يۈز بېرىپ، كىشىلەر ئۇنى بىۋاسىتە كۆرۈشى ھەمدە ماۋۇ ئايەتنى ئەسلىشى كېرەك. «سىلەرگە بىر ئېغىرچىلىق يەتسە، ئاللاھقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىسىلەر. ئاللاھ سىلەردىن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاراڭلاردىن بىر بۆلەك ئادەم دەرھال ئۆز پەرۋەردىگارىغا شېرىك كەلتۈرىدۇ.» سۈرە نەھل 53،54 ئايەتلەر.

ئاللاھ تائالا فۇسسىلەت سۈرىسىنىڭ 51-ئايىتىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانغا نېمەت ئاتا قىلساق، پەرۋەردىگارىغا شۈكۈر ئېيتىشتىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا يامانلىق يەتسە ئاللاھقا يۈزلىنىپ ئۈزلۈكسىز دۇئا قىلىدۇ».

ئۇنىڭدىن باشقا ئايەتلەرمۇ تۈرلۈك شەكىلدە مۇشۇ مەزمۇننى تەكىتلەيدۇ. بۇ قەدەر تەكرارلىنىشنىڭ سىرى بولسا،

بۇ خىل خاراكتېرنىڭ جەمئىيەتلىشىپ كېتىشىدۇر. چۈنكى ئىنسانلار ئاللاھنى بېسىم ئاستىدا ئاندىن تونۇيدۇ. بۇ يۈك يەلكىسىدىن ئېلىۋېتىلگەندە بولسا، تەكەببۇرلىشىپ قەلبىگە تۈنجى بولۇپ كېچىدىغان نەرسە دىنسىزلىق ۋە تۈزكورلۇق بولىدۇ.

بىز ئازراق ياخشىلىق ياكى ئازراق غەلىبە ئۈچقۇنى كۆرۈنۈپ بولغۇچە ئۆزىنى كۈپۈرغا بۇ قەدەر ئۇرۇشنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە قاراپ باقساق، بۇ ئەھۋالنىڭ ئىسلام تەلىماتىدىن خەۋىرى يوق ياشلاردا يۈز بېرىدىغانلىقىنى بايقايمىز. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىمانىي قۇرۇلمىسى شۇنچىلىك ئاجىزكى، تۈنجى قېتىملىق بورانغا بەرداشلىق بېرەلمەي ۋەيران بولىدۇ.

سىز مىللىتىنىڭ ئەقىدىسىدىن، ئىسلام دىنى ئاساسلىرىنىڭ دەلىللىرىدىن ھېچقانداق خەۋىرى يوق، ئائىلىسى تەرىپىدىن 14 يېشىدا ياۋروپاغا ئەۋەتىلىۋاتقان ياشلار ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىڭ. ئۇلار ياۋروپاغا «خام ماتېرىيال» سۈپىتىدە يېتىپ بارىدۇ-دە، ئۇ يەردە مېڭىسىنى ئىسلامنى كەمسىتىدىغان، چۈشۈرىدىغان، پەس كۆرىدىغان نەرسىلەر بىلەن توشقۇزىدۇ.

مىللىتىنىڭ قالاقلىق، تۇرغۇنلۇق، زەئىپلىكىنىڭ سىرى يىغىپ ئېيتقاندا، ئىسلامنىڭ «ئەكس» تەسىرى دېگەن سەپسەتىلەر بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلىدۇ. نەتىجىدە، يېڭى «ئىسلامىي» ئەۋلادلاردا ئىسلام دىنىنى يامان كۆرۈش، ئىسلام مەدەنىيىتىدىن يىرگىنىش خاراكتېرى يېتىلسە ھەيران قالارلىق ئىش بولامدۇ؟

***يوقسۇ! ئەگەر بۇنىڭ قارمۇ-قارشىسى يۈز بەرسە ئاندىن ھەيران قالارلىق ئىش بولىدۇ. ناۋادا مۇشۇ ياشلار ئىچىدە ھەقىقىي مۇسۇلماندىن بىرى چىقىپ قالسا، دۇنيانىڭ لوگىكىسى ۋەيران بولىدۇ. بىز بۇ ياشلار ئارىسىدا دىنىي خاھىشى بار ياكى دىنسىزلىقتىن يىراقراقلارنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەس. بىراق بۇ خىلدىكى ياشلارنىڭمۇ ياۋروپاغا بېرىشتىن ئىلگىرى، ئەقىدە بىلىدىغان ياكى كىچىكىدىن باشلاپ ياۋروپانىڭ مەدەنىيىتى تەسىر قىلالمىغۇدەك دەرىجىدىكى قۇيۇق ئىسلامىي مۇھىتتا چوڭ بولغانلار ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق.***

دېمەككى، خاتالىق ئۆز تەلىماتىنى تارقىتىشنى مەقسەت قىلغان ياۋروپادا ئەمەس. ئەگەر ئىنساپ قىلىنسا، ياۋروپا ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ يەرگە ئىسلام ھەققىدىكى تەشۋىقات تەتۈر ھالەتتە يەتكەن. خاتالىق بار دېيىلسە يېڭى نەسىللەرنى فرانسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، بىلگىيە، شۋېتسىيە، ئاۋىستىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئەۋەتكەن ئىسلامىي ھاكىمىيەتتە بار. بۇ دۆلەتلەر ياۋروپا بىزگە بۇ ياشلارنىڭ ئىچىدىن كەلگۈسى ئاۋانگارتلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىدۇ دەپ خام خىيال سۈرىدۇ. ماھىيەتتە بۇلار ياشلارنى ئەقەللىيسى ئەقىدىسىگە ھۇجۇم قىلىنغاندا قوغدانغۇدەك مەنىۋىي قورال بىلەن بىرگە ئەۋەتمەيدۇ. نەتىجىدە بۇ ياش نوتىلار يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ھەر قانداق خەتەرنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئۇنىڭدىن ئېغىر يەنە بىر خاتالىق بولسا، «بالامنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ ياۋروپانىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلەمدۇ-يوق؟» دېگەنلەرنى ئويلانماستىن ئەۋلادلىرىنى بىراۋلارغا ئەگىشىپ ياۋروپاغا ئەۋەتكەن ئاتا-ئانىلارنىڭ خاتالىقىدۇر.

ياۋروپادا ئوقۇشلا ئەمەس، تەبىئىي پەن، مېخانىك ئىلىملىرى، ئىقتىساد، يېزا-ئىگىلىك، تىجارەت، ئۇنىڭدىن باشقا ساھەلەردە ئوقۇش تولىمۇ زۆرۈر. بىراق بۇ ئىلىملەرنى ياۋروپادا ئېلىشىمىز ئەقىدە، ئۆرپ-ئادەت، ئەخلاق، زوق، مىللىي كىملىك ۋە ئىجتىمائىي ئاساسلىرىمىزدىن سىيلىنىپ چىقىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. بىزدىن بۇرۇن شەرقتىن ياپونلار يۇقىرىدىكى ئىلىملەرنى ياۋروپادا ئۆگەنگەن، بۇ ساھەلەردە چاقنىغان ۋە ياۋروپالىقلار بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىگەن، نۇرغۇن ساھەدە ھەتتا ئۇلارنىمۇ بېسىپ چۈشكەن. ھالبۇكى ياپونلار ئۆرپ-ئادەت، ئىدېئولوگىيە، يېمەك-ئىچمەك، يېزىق، ئەدەبىيات قاتارلىق مىللىي ئەنئەنىلىرىنى قوغداپ قالغان. نېمە ئۈچۈن بىزلا، ياۋروپادا ئىلىم تەھسىل قىلساق ياۋروپانىڭ ئۇسلۇبىنى ئىلغىماي ھەممىنى ئېلىشىمىز كېرەك؟ ئەگەر ئۇنداق قىلمىساق تەھسىل قىلغان ئىلىملىرىمىز ئېھتىياجلىرىمىزنى قامدىيالمايدىغان چالا ئىلىم بولۇپ قالامدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ياۋروپا خىرىستىئانلىق كىملىكىدىن چۈشمەي تۇرۇپ تەرەققىي قىلالىدى؟ نېمە ئۈچۈن خىرىستىئان دىنى بۇ تەرەققىياتلارغا ئەكس تەسىر كۆرسەتمىدى؟ بۇ بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر سوئال.

ئەڭ ھەيران قالارلىق تەرىپى شۇكى، سىز بالىلىرىنى ياۋروپاغا تۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەنلەر ئىچىدە، شەخسىي ھاياتىدا ھېچقانداق مەسىلە يوق، پەرز، سۈننەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىدىغان ئىمانى چىڭ، ھەقىقىي مۇسۇلمان ئاتا-ئانىلارنى بايقايسىز. ھالبۇكى بۇ ئاتا-ئانىلار ئەۋلادلىرىنىڭ تەقۋالىق، ئەدەپ-ئەخلاق جەھەتلەردە ئۆزىدەك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇلار بالىلىرىنىڭ كېلەچىكى ئۈلارنى ياۋروپاغا ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىشكە قاراشلىق دەپ قارايدۇ. سىز ئۇلارنىڭ قەلبىدە «پالانچىنىڭ بالىسى، پۈكۈننىڭ بالىسى بېرلىنغا، پارىژغا ياكى لوندونغا ئىلىم تەھسىل قىلغىلى كېتىپتۇ.» دېگەندىن پەيدا بولغان رەشك ئوتىنىڭ يالقۇنلاۋاتقانلىقىنى بايقايسىز. شۇڭلاشقا بۇلارنىڭ بىردىنبىر كۆڭۈل بۆلىدىغىنى، بالىسىنى ياۋروپاغا ئەۋەتىپ، بالام پارىژدا ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ دەپ پەخىرلىنىۋېلىش خالاس. چۈنكى بۇنىڭدا بىر خىل بەخت، بىر خىل ھۇزۇر، ئاجايىپ ئۈتۈق تۇيغۇسى بار. شۇ سەۋەب ئەقىدە ۋە ئۆزلۈكىدىن پۈتۈنلەي سېلىنىپ چىكىنىش خەۋپىگە ئېرەنشىمەستىن بالىسىنى ياۋروپاغا يولغا سالىدۇ.

ناماز ئوقۇيدىغان، روزا تۇتىدىغان، زاكات بېرىدىغان، ھەجگە بارىدىغان، ئىسلام ھەققىدە يامان گەپ ئاڭلاشقا تاقىتى يەتمەيدىغان، دىنى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشقا رازى كىشىلەر تۇرۇپ بالىلىرىنى ياۋروپاغا ئەۋەتىش مەسىلىسىنى ياخشى ئويلاشمايدۇ. ۋەھالەنكى ئۇ بالا تېخى خۇرۇچقىلا ئوخشايدىغان بولۇپ، بۇ ئىش بالىنى ئىسلامدىن خۇددى ئوقنى يايدىن چىقارغاندەك چىقىرىپ تاشلايدۇ. مانا بۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان زىتلىق.

بۇ بالىلار ياۋروپادىن ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەندە، مېڭىسى ئاللىقاچان شەرق ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنى كەمسىتىش بىلەن توشۇپ كەتكەن بولۇپ، ئاتا-ئانىلىرىنى مەسخىرە قىلىپ پەس كۆرىدۇ. ئۇلار بىلەن دىن ھەققىدە تالىشىدۇ. كۆز ئالدىدىلا ۋەھيىنى ئىنكار قىلىپ يۈزىدىن - يۈزىگە بۇ ئەقىدىلەر پەقەتلا خۇراپات، ئەپسانىدىن باشقا نەرسە ئەمەس دەيدۇ. ئاتا-ئانىسىنىڭ بۇ بالىغا بېرىدىغان ئەڭ چوڭ جاۋابى: «بىز مۇشۇنداق تۇغۇلغان، مۇشۇنداق چوڭ بولدۇق، يەنە مۇشۇ پېتى ئالەمدىن ئۆتىمىز. سەن نېمىش قىلساڭ قىل!» دېن ئىبارەتلا بولىدۇ.

مانا بۇ ناماز ئوقۇيدىغان، روزا تۇتىدىغان، زاكات بېرىدىغان بىر مۇسۇلماننىڭ ئائىلىسىدىكى سىياسىتى. بۇ كىشى ئوغلىنىڭ كېلەچىكىگە قانچىلىك كۆڭۈل بۆلگەندۇ؟ بۇ كىشىنىڭ ئوقۇغان نامىزى، قىلغان ياخشىلىقلىرى مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق مەنپەئەت قىلارمۇ؟ بۇ كىشى ئۆز ئوغلىنى كۇپۇر، دىنسىزلىق، ئاتېئىزملىقنىڭ چاڭگىلىغا تاشلىغان، ئېتىقادىنىڭ دەلىلىنى ئۆگەتمەي تۇرۇپ ياۋروپاغا ئەۋەتكەن، نەتىجىدە ئوغلىنى قورال-ياراقسىز جەڭگە يولغا سالغان تۇرسا؟

يۇقارقى ھالەت دىندار ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتىنىڭ كېلەچىكىگە كۆڭۈل بۆلىشى بولسا، ئەسلىدىلا دىن بىلەن پەرۋايى پەلەك، ئىسلامغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ ھالى نېچۈك بولغاي؟ ئېنىقكى ئۇلار ئەۋلادلىرىنى ياۋروپاغا مەقسەتلىك ھالدا ماددىي مەدەنىيەت ئۆگىنىش ئىستىكىدە ئەۋەتىدۇ. نەتىجىدە، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئاڭسىز دىنسىزلىقىنىڭ ئورنىغا دىنسىزلىقنىڭ دەلىل-پاكىتىنى يۈدۈپ كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئەۋلادلىرىنىڭ كېلەچىكىنى ئاقىۋىتى نېمە بولىشىدىن قەتئىينەزەر ياۋروپانىڭ مەلۇم پايتەختىگە ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلسىلا بولىدۇ دەپ قارايدىغانلار. ئەگەر بۇلار ئىشنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئويلىنىپ باقسا مەيلى دېھقانچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك، تىجارەت قاتارلىقلار بولسۇن بۇلارنى پۇختا قىلىش، نېمىگە يارايدىغىنىنى بىلمەيدىغان ئىلىمنى تەھسىل قىلىشقا قارىغاندا تېخىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. بۇلار شەرقنى پۈتۈن سانائەتتە ياۋروپاغا موھتاج، شەرق ئەھلىيسى ياۋروپانىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن ئۈچىنى ئىمپورت قىلماي تۇرۇپ، شەرقنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن بىرنى ئېكسپورت قىلالمايدۇ دەپ قارايدۇ.

شەرق ھەقىقەتەن سىياسىي جەھەتتىن بولمىسىمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن غەربنىڭ قولى. ئۇلار تۈركىيەنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ باقمامدۇ؟ تۈركىيە ياۋروپانى كېيىنىش، ياسىنىش قاتارلىق ئىشلاردا تەقلىد قىلىشنى باشلىۋىدى، ياۋروپالىقلارنىڭ تۈركىيە ئىقتىسادىغا قانچىلىك ئېغىر زىيانلارنى سالغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ ھالبۇكى، تۈركىيەنىڭ قولىدا ياۋروپا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان

بايلىق يوق.

مەن ياۋروپادا مېخانىكا، ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى، توقۇمىچىلىق ۋە باشقا سانائەت پەنلىرىدە ئوقۇۋاتقان مىسىرلىق، سۈرىيەلىك بەزى ياشلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. بۇ ئەھۋال مېنى تىل ئۆگەنگەنلەرگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە خۇرسەن قىلدى. بۇ ئىجتىمائىي پەنلەر ۋە تىل ئۆگىنىش قاتارلىق بىلىملەرنى جەمئىيەتكە مەنپەئەت ئەكەلمەيدۇ دەپ قارىغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى سانائەت، يېزا-ئىگىلىك، تىجارەت قاتارلىق تەرەققىيات ئامىللىرى ئارىسىدا تەكشۈكلۈق بولۇشى كېرەك دەپ قارىغانلىقىمدىندۇر.

مەن ياۋروپادا ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەقىدىسى بۇزۇلغان دەپ ھۆكۈم چىقارماقچى ئەمەس. چۈنكى ياۋروپادا ئىلىم تەھسىل قىلىپ ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن دۆلىتىگە مەنپەئەت يەتكۈزگەن ئەقىدىسى ساپ ياشلارمۇ بار، ئەلۋەتتە. دېمەكچى بولغىنىم بالىلىرىنى بالاغەتكە يېتەر-يەتمەيلا ياۋروپاغا ئەۋەتىپ قويۇش _ ئىسلام ۋە ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرىدىن خالىي غەرپپەرەس ئەۋلادلارنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىش دېمەكتۇر. چۈنكى بۇ بالا ياۋروپادىن قايتقاندا، يا مىللىتىگە دۈشمەن ياكى مىللىتىنى كۆزگە ئىلمايدىغان ماڭقۇرت بولۇپ قايتىپ كېلىدۇ ۋە نەتىجىدە بىز ئىسلامىي ساھەدە كۆرۈۋاتقان ئەسلىيەتچىلەر ياكى ئەسلىيلىكنى ياقلايدىغانلار بىلەن جەدىدچىلەر ۋە كونىلىقنى بىر پۈتۈن تاشلاشقا چاقىرىق قىلىدىغانلار ئارىسىدىكى قارشىلىق پەيدا بولدى.

بۇ قارشىلىق بارغانچە يوغىناپ پىكىردىن ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ-دە قانلار ئاقىدۇ، پۈتۈن ئامما گاڭگىرايدۇ، تەخمىن قىلغۇسىز بالايىئاپەتلەر كېلىپ چىقىدۇ.

«تۈركىيەدە ئارقا-ئارقىدىن ئىنقىلابلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، بىراق سىز دەۋاتقان ئىشلارنىڭ ھېچبىرى يۈز بەرمىدىغۇ؟» دېگەن سوئال تاشلىنىشى مۇمكىن. جاۋابىمىز، «ھېچكىم تۈركىيەدە ئىش ئاياغلاشتى، ھەممە ئىش بۈگۈن بىز كۆرۈۋاتقان ئىشلارغا مەركەزلەشكەن دېيەلمەيدۇ. تۈركلەرنى نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي ئىنقىلابقا رازى بولۇشتىن بەكرەك، ئىچكى جېدەلدىن قورقۇش ۋە پەرەڭلەرنىڭ تۈركىيەنى قايتىدىن چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشىدىن ئەنسىرەش بىسقتۇرۇپ قويدى. نەتىجىدە ئىلگىرى زەھىرىنى تېتىپ باققان ئەجنەبىيلەرنىڭ قۇلى بولۇشنىڭ ئورنىدا جەڭدىن كېيىنلا تۆپىرىقىغا، ئەھلى بالىلىرىغا ئۆلۈشىپ كېلىدىغان خاتىرجەملىك، ئاسايىشلىقنى ئەلا بىلىش پۈتۈن مەسئۇلىيەتنى كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. شۇڭا بۇ مەسىلىدە ئېغىر بېسىق بولۇش ئەڭ لايىق دەپ قارىدى ۋە چوقۇم قۇتۇلۇشىمىز كېرەك دېدى.»

***خۇلاسە: بىز مائارىپنىڭ قالايمىقانلىقىدىن ئىبارەت بۈيۈك بىر خەتەر ئىچىدە. مائارىپنىڭ ماسلىشالماسلىقى پات يېقىندا ئىسلام دۇنياسىنىڭ پىتنە ۋە سىناققا دۇچار بولۇشىنىڭ سەۋەپكارى بولىدۇ. بۇ خىل ھالەت ياۋروپالىقلارنىڭ ھۇجۇم، ئىشغالىيىتىدىنمۇ بەكرەك خەتەرلىك. شۇڭلاشقا چىدام، شىجائەت ۋە ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلىشىمىز، غەلىبە قىلىمىز، قۇتۇلىمىز دەيدىكەنمىز تەرەققىي قىلغان ياۋروپالىقلارغا ئوخشاش پۈتۈن تەبئىي پەنلەردە يېتىلىشىمىز كېرەك. ياۋروپانىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى 19-ئەسىردىن بۇيان شۇ پېتى داۋاملىشىپ كەلمەكتە. تىل-ئەدەبىياتلىرىغا 30 ئەسىردىن ئاشتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ يېڭىلىققا مەپتۇن بولۇشى ئەسلىيلىكنى ساقلاپ قېلىشىغا توسالغۇ بولالمىدى.***

1930 يىلى 4- نويابىر. لوزان.

شەكىب ئارسلان (1869-1946) لىۋانلىق ئەرەب يازغۇچى، ئەدىب، مۇتەپەككۇر، سىياسىيون. ئەرەب، تۈرك، فىرانسۇز ۋە نېمىس تىلى بىلىدۇ. ياۋروپا ۋە ئىسلام دۇنياسىنى ساياھەت قىلىپ، نۇرغۇن ئىلىم ئىگىلىرى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارغان ۋە ئىلىم ئالغان. ساياھەت جەريانىدا نۇرغۇن مەدەنىيەت ۋە پىكىرلەر بىلەن ئۇچراشقان. مول بىلىملىك، تەجرىبىلىك، ئۆتكۈر پىكىرلىك بىرى. نۇرغۇن كىتابلارنى يازغان، ئىسلام ۋە مەدەنىيەت بىرلىكىگە چاقىرىق قىلىش بىلەن مەشھۇر بولغان مۇتەپەككۇرلاردىن بىرسى. ئاپتورنىڭ يېزىقچىلىقى تىلىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، «مۇسۇلمانلار نېمىشقا ئارقىدا قالدى ۋە باشقىلار تەرەققىي قىلدى؟» «ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۈگۈنى» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرى بار.



# ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى

**ئابدۇلھەمىد ھەببۇللاھ**

ساباھەتتىن زائىم ئۇنىۋېرسىتېتى - ئىسلام بىلىملىرى ئوقۇغۇچىسى

بىلىم ئېلىش ھۆرمەت ۋە شان-شەرەپكە ئېرىشىشنىڭ ھەقىقىي ۋاستىسى. ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلىپ، تۈرلىرى كۆپەيگەن بۇ دەۋردە ئوقۇغۇچىلىق باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق، باكلاۋۇرلۇق، ماگىستىرلىق، دوكتورلۇقتىن ئىبارەت ئالتە باسقۇچ ۋە ئىلمىي ئۇنۋانلار دۇنيا مىقياسىدا قوبۇل قىلىندى. باشلانغۇچ سەۋىيەگە ئېرىشىش دۇنيادىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرگە نېسىپ بولۇۋاتقان بولسىمۇ، قالغان باسقۇچلاردا ئوقۇش شارائىتى ھەر دۆلەتتە ھەر كىشىگە يار بەرمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى ئازلاپ مېڭىپ، ئاخىرقى باسقۇچقىچە ئوقۇش پۇرسىتى ئىقتىسادى ئىمكانىيىتى يېتەرلىك، ئىرادىسى مۇستەھكەم، يۈكسەك غايىلىك، ئىقتىدارلىق ئاز ساندىكى كىشىلەرگىلا نېسىپ بولۇۋاتىدۇ.

ئالتە ياشتا باشلىنىپ 30 ياشقا يېقىنلاشقاندا تاماملىنىدىغان، يىگىرمە نەچچە يىللىق ئالتە باسقۇچلۇق بۇ بىلىم يولىدا تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەردىكى ئوقۇغۇچىلار بىرىنچى باسقۇچ بولغان باشلانغۇچتا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئاران ئېرىشەلىسە، تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋە باشلامچى بولۇۋاتقان دۆلەتلەر باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مائارىپنى خەلققە مەجبۇرىي مائارىپ قىلىپ بەلگىلەپ، باكلاۋۇرلۇق، ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق باسقۇچلىرىنى شەرتلىك، ئىختىيارى ئالىي مائارىپ قىلىپ بېكىتىپ، تەرەققىياتدا ئېھتىياجلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى نۇقتىلىق يېتىشتۈرۈشنى نىشان قىلماقتا.

بۇ ئالتە باسقۇچتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ۋە دەرىجىسىنى پىرامىدا شەكلىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. بىرىنچى سەۋىيەدىكىلەر كۆپ بولۇپ، ئەمما يۇقىرىغا چىققانچە سانى ئازلاپ، پەقەت ئاز ساندىكى سەۋرچان ۋە ئىقتىدارلىقلىرىلا چوققىغا چىقالايدۇ. ئۇلار ئاستىدىكىلەرنى ئاساس قىلىپ يۇقىرىدا تۇرۇپ، يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە مىللەتلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈشىمۇ ئىلىم-پەن ساھەلىرىدە يېتىشكەن كىشىلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى، سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرىلىقىغا باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئىختىساسلىق كىشىلىرى كۆپ دۆلەت تەرەققىي قىلىپ كۈچلۈك، ئىناۋەتلىك بىر دۆلەتكە ئايلانسا، خەلقى باشقا دۆلەت خەلقلىرى ئارىسىدا ھۆرمەتلىك، ئەزىز بولىدۇ.

مانا بۇ بىلىم ئارقىلىق ئېرىشكەن ئىززەت ۋە شان-شەرەپ.

ئاللاھ تائالا بىلىم ئىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئەسكەرتىپ دەسلەپتىلا: «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن! ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر.»[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان.

يەنە بىلىم ۋە ئالىملارنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ: «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ.»[2] «ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەردار.»[3] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلغان.

مۇسۇلمانلار بۇ ئايەتلەرگە ئەمەل قىلىپ ئىمان بىلەن بىلىمنىڭ ئارىسىنى ئايرىمىغان زامانلاردا يۈكسىلىپ كۈچەيدى ۋە 13 ئەسىرگىچە دۇنيادا يېتەكچىلىك رولىنى ئۆتۈپ كەلدى. ئەمما ئاخىرقى ئەسىردە ئىمان بولسىمۇ، ئىلمىي ئىلگىرىلەشكە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن زەئىپلىشىپ، پارچىلىنىپ بۈگۈنكى تالان-تاراج قىلىنىدىغان خار ھالەتكە قالدى.

ئاللاھ تائالا بۇ دۇنياغا بەلگىلىگەن قانۇنىيىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز، (بۇ) ئاللاھنىڭ (ھەقىقىي) ئىمان ئېيتقانلارنى ئايرىشى، سىلەردىن شېھىتلەرنى چىقىرىشى (يەنى سىلەردىن بەزىلەرنى شېھىتلىك دەرىجىگە ئېرىشتۈرۈشى) ئۈچۈندۇر، ئاللاھ زالىملارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.»[4]

ئۆزىمىزگە كەلسەك، بىزمۇ ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى بولغاچقا مۇسۇلمانلار ئىلگىرىلىگەندە ئۆزىمىزگە خاس شەكىلدە ئىلگىرىلىدۇق، ئىززەت بىلەن ياشاپ كۈچلۈك دۆلەتلەرنى قۇردۇق. ھەتتا تۈرك مىللەتلىرى ئىچىدە شەھەرلەشكەن ھاياتقا قەدەم قويغان تۇنجى مىللەت بولغانلىقىمىز تارىخلارغا يېزىلىپ، باشقا تۈرك مىللەتلەر تەرەققىي قىلغانلىقلىرىنى «ئۇيغۇرلاشقانلىق» دەپ مىللىتىمىزنىڭ ئىسمىنى ئۆلچەم قىلىپ قوللىنىشتى. لېكىن بىزگىمۇ يۇقىرىقى كېسەل ياماراپ ئىلىمدىن ئۇزاقلاشقان ياكى ئۇزاقلاشتۇرۇلغان چېغىمىزدا باشقا دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر ئارىسىدا دەرىجىمىز تۆۋەنلەپ قەدىر-قىممىتىمىزنى يوقاتتۇق.

بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دۇنياغا بېكىتكەن قانۇنىيىتى بولۇپ، خۇددى ئىنسان تۇغۇلۇپ، بوۋاقلىق، ياشلىق، قىرانلىق، قېرىلىق دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگىنىگە ئوخشاش، ھەر قانداق دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ بۇ قانۇنىيەت بويىچە ئاجىز ۋە قۇدرەتلىك ۋاقىتلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكى تارىخلاردىن مەلۇم. بۇنىڭغا يېقىنقى تارىختىكى ئېغىر مەغلۇبىيەت ۋە خارلىقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىسرائىل، ياپونىيە ۋە گېرمانىيەنى مىسال قىلالايمىز. بۇ دۆلەتلەرنىڭ تېزلا ئەسلىگە كېلەلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ئىلمىي ئىلگىرىلەشنى چىڭ تۇتقانلىقى ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايدىڭ.

ئاللاھ تائالا ھەر مىللەت ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تىرىشىشى كېرەكلىكىنى، سەۋەبىنى قىلمىسا بىۋاسىتە ئۆزگەرتىپ بەرمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ: «ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.»[5]

بۇ قانۇنىيەت بويىچە ئېيتقاندا، ھازىرقى خار ھالىتىمىزنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرىنىڭ بىرى ئىلمىي تەرەققىياتنى چىڭ تۇتۇش. بۇ چەتئەلدىكى ئوقۇش

**ئۆز مىللىتىمىز موھتاجلىق، قىينچىلىق ئىچىدە تۇرغاندا قولىمىزدىن كېلىدىغان خىزمىتىمىز بىلەن مىللىتىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىش باش تارتىپ بولالمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز ۋە ۋاپادارلىقىمىزنىڭ ئىپادىسى.**

1- ئەلەق سۈرىسى، 1،3- ئايەتلەر
2- زۇمەر سۈرىسى، 9- ئايەت
3- مۇجادىلە سۈرىسى، 11- ئايەت
4- ئال ئىمران سۈرىسى، 140- ئايەت
5- رەئد سۈرىسى، 11- ئايەت

ئىمكانىيىتى بار ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەجبۇرىيىتى. بۇ ئەۋلاد ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا بۇ ئىمكانىيەت بار، ئەگەر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئەھۋالىمىزنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشمىساق بۇنىڭ ھېسابىنى ئىككى دۇنيادا بېرىپ بولالمايمىز.

ئوقۇغۇچىلار ئىرادىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، ئەڭ ئاز بولغاندا دوكتورلۇقنى پۈتتۈرمەي تۇرۇپ ئوقۇشتىن توختاپ قالماسلىقى، ئوقۇۋاتقان كەسپىنى پۇختا ئىگىلىگەندىن سىرت شۇ ساھەدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ مىللىتىمىزگە يۇقىرى سەۋىيەت ۋە ساپا بىلەن خىزمەت قىلىشنى ئالىي غايىسى ۋە نىشانى قىلىشى كېرەك.

بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كۈنلۈك دەرسلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ مېڭىش بىلەن بىرگە بوش ۋاقىتلىرىنى قوشۇمچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشقا سەرپ قىلىپ ۋاقىت ئىسراپچىلىقىدىن ساقلىنىشى، ئويۇن-تاماشالارنى ئازايتىپ، ئىلمىي ئىلگىرلەش بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى، خەلقىمىزگە نەتىجە سۇنۇش بىلەن ھاردۇق چىقىرىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇشى لازىم.

ئوقۇغۇچىلار بىلىمى ئارقىلىق يۇقىرى مائاشلىق خىزمەت تېپىپ، شەخسىي تۇرمۇشنى ياخشىلاپ، ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىلا ئويلايدىغان شەخسىيەتچى كىشىلەردىن بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. بىر ئىنسان تۇغۇلۇپ، چوڭ بولۇپ يېتىلىشكىچە بولغان يېرىم ئۆمرىنى ئاتا-ئانىسى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە مىللىتىنىڭ تەربىيەلىشى، ئاسرىشى، قوغدىشى، قوللىشى، پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى بىلەن ئوقۇپ، قانات-قۇيرۇقى يېتىلگەندە ئۇلارنى ئۇنتۇپ شەخسىي ھاياتى ئۈچۈن ياشىشىدىنمۇ نومۇسلۇقراق ھايات بولمىسا كېرەك. ئاتا-ئانىلارنىڭ بۇلارنى ئاسراپ، پەرۋىش قىلىپ چوڭ قىلىشى، تاپقان ئىقتىسادىنى ئۆزلىرىنىڭ ھۇزۇرى، راھىتى ئۈچۈن خەجلىمەي بۇلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن سەرپ قىلىشى، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋي جەھەتتىن قوللىشى، ھۆرمەت قىلىشى نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ھەر بىر ئوقۇغۇچى ۋىجدانىدىن سوراپ بېقىشى كېرەك.

بۇ شەخسىيەتچىلىك ئاز ساندىكى بەزى ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ خەلقىگە ۋە تىلىغا شۇ قەدەر مەپتۇن قىلدىكى، ياتلارنى ئۆز مىللىتىدىن چوڭ كۆرىدىغان، ئۇلار بىلەن توي قىلىشتىن پەخىرلىنىدىغان، ئۆز مىللىتىنى تۆۋەن كۆرىدىغان، ھەتتا ئانا تىلدا سۆزلەشنى ياقتۇرمايدىغان ھالەتكە كەلدى. بۇنداق ۋىجدانسىز ۋە ۋاپاسىز پەرزەنتلەرنى ئاتا-ئانىسى ئاغرىنسىمۇ كەچۈرۈۋېتىشى مۇمكىن، لېكىن مىللەت كەچۈرمەيدۇ.

تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، ئوقۇغۇچىلار خىزمەت ۋە نەتىجىسىنى ئاۋۋال ئۆزى تەۋە بولغان يېقىن كىشىلىرىگە سۇنۇشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىشى كېرەك. بۇ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى چەتكە قاقمايدۇ. ياخشىلىقنى ئەڭ يېقىنلىرىدىن باشلاش ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىتىدە بار، ئومۇملاشقان، ھەم پايدىلىق ئۇسلۇب بولغانلىقى ئۈچۈن دىنىمىزمۇ ياخشىلىقنى يېقىنلىرىمىزدىن باشلاشقا بۇيرۇپ، يېقىن تۇغقانلارغا قىلىنغان ياخشى ئىشقا ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. بۇ ئىككى ئەجىرنىڭ بىرى ياخشىلىققا بېرىلگەن بولسا، يەنە بىرى ۋاپادارلىققا بېرىلىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

مىللەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئۆز مىللىتىمىز بىزنىڭ چوڭ ئائىلىمىز ھېسابلىنىدۇ، ئۆز مىللىتىمىز موھتاجلىق، قىيىنچىلىق ئىچىدە تۇرغاندا قولىمىزدىن كېلىدىغان خىزمىتىمىز بىلەن مىللىتىمىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىش باش تارتىپ بولالمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز ۋە ۋاپادارلىقىمىزنىڭ ئىپادىسى.

ئاخىرىدا، ئاللاھتائالادىن ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ زېھنىنى ئوچۇق قىلىشنى، مەنپەئەتلىك بىلىم ئاتا قىلىشنى، ھەممىمىزنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان يولغا باشلىشىنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەزىز قىلىشنى تىلەيمەن.





# يانفون ۋە بىز

ئابدۇلئەزىز مۇھەممەد
ساباھەتتىن زائىم ئۇنىۋېرسىتېتى
ئىسلام بىلىملىرى ئوقۇغۇچىسى

ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىزگە نۇرغۇن قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە توغرا قوللىنالماسلىقىمىز تۈپەيلىدىن نۇرغۇن سەلبىي تەسىرلەرگە ئۇچرىماقتىمىز. بۇلارنىڭ بىرى دەل قولىمىزدىكى ئەقلىي ئىقتىدارلىق قول تېلېفون.

تېلېفون 1876-يىلى ئالېكساندىر گراھام بېل[1]تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن، نۇرغۇن يېڭىلىنىش باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈردى. قول تېلېفوننىڭ مەيدانغا كەلگىنىگە تەخمىنەن 20 يىل بولدى. ھەرخىل ماركىدىكى ئەقلىي ئىقتىدارلىق قول تېلېفونلارنىڭ تېخنىكىلىق سەۋىيەدە ئۆزئارا بەسلىشىشى نەتىجىسىدە چوڭلۇقتىن كىچىكلەپ يانچۇققا سىغقۇدەك ھازىرقى ھالەتكە كەلدى.

ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىكلىكى ۋە قوللىنىشچان بىر ئالاقە قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۈزلۈكسىز يېڭى ئىقتىدارلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق 143 ياشلىق بۇ دەۋرىدە ئۆزىنى كۆرسىتىپ كومپيۇتېرنى، تېلېۋىزورنى، سائەتنى، فوتو ئاپپاراتنى ھەتتا ئېلېكترونلۇق بانكا ئەپ دېتاللىرى ئارقىلىق پورتماننى جايلىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن يەنە نۇرغۇن بەختلىك ئائىلىلەرنى جايلىماقتا. سەپسېلىپ قارايدىغان بولساق كۆرۈش قۇۋۋىتىمىزنى خورىتىپ بىزنىڭ سالامەتلىكىمىزنىمۇ جايلىماقتا. ئالېكساندىر گراھام بېل تېلېفوننى ئىجاد قىلغىنىدا بۇلارنى بىلەر بولغىيمىدى بۇ نامەلۇم، ئەمما كۈنىمىزدىكى ئەقلىي ئىقتىدارلىق قول تېلېفونلار ھاياتىمىزنى جىددىي تەرزدە ئۆزگەرتمەكتە ۋە بىزنى بىپايان مەۋھۇم دۇنياغا سۆرەپ كىرمەكتە. قېنى ئۇنداقتا سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭ، بىزنىمۇ جايلىۋەتمەستىن بۇرۇن ھاياتىمىزغا بىرقۇر قاراپ چىقايلى ۋە ئۆزىمىزگە دىئاگنوز قويۇپ، ۋاقتىدا دورىسىنى قىلايلى.

كۈندىلىك ھاياتىمىزغا قارايدىغان بولساق، ۋاقتىنىڭ قىممىتىنى بىلىپ تېلېفوننى توغرا شەكىلدە قوللىنالايدىغان كىشىلەرنىڭ سانىمۇ جەمئىيىتىمىزدە خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن تولىمۇ ئەپسۇسكى، توغرا ئۇسۇلدا ئۈنۈملۈك بىر شەكىلدە قوللىنالمايۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس ۋە كۈنسېرى كۆپەيمەكتە. مەسىلەن، ئەتىگىنى ئويغىنىپلا كۆزىمىزنى ئاچالمىساقمۇ سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ تېلېفوننى تېپىپ، مىڭ تەستە ئاچقان كۆزلىرىمىزنىڭ تۇنجى بولۇپ تېلېفون ئېكرانىغا تىكىلىشى، دەرستە بىر كۆزىمىزنىڭ تېلېفوندىكى ئۇچۇرلاردا بولۇشى، تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى ئۆزىمىز سىنىپتا بولساقمۇ ئىككى كۆزىمىز ۋە خىياللىرىمىزنىڭ دەرس ئۈستىلىمىزنىڭ مۇئەللىملىرىمىزنىڭ كۆرەلمەيدىغان بىر دالدىسىدا ئالىقىنىمىزدىن تومۇرلىرىمىزغا، تومۇرلىرىمىزدىن روھىمىزغىچە دەرەخنىڭ يىلتىزىدەك تۇتىشىپ بىزنى چىرمىۋالغان قول تېلېفونىمىزدا بولۇشى، دەرسكە بېرىش ۋە كېلىش ھېچ بىر كىشىنى سوقۇۋەتمەستىن، تاشقا پۇتلاشماي ياكى ئېغىزى ئېچىلىپ قالغان سۇ يوللىرىغا چۈشۈپ كەتمەي ۋە ياكى كېتىۋاتقان يولىمىزنى يىتىرىۋەتمەي ئالاھىدە تالانت بىلەن يۈرەلىشىمىز، دوستلىرىمىز بىلەن ئولتۇرغىنىمىزدا مەۋھۇم دۇنيادىكى دوستلىرىمىز بىلەن بولۇپ كېتىپ يېنىمىزدىكى دوستلىرىمىزنى ئۇنتۇشىمىز ياكى ئېتىبار بەرمەسلىكىمىز، مەۋھۇم ئىجتىمائىي ئالاقە دۇنياسىدىكى دوستلىرىمىزنىڭ

1- (Alexander Graham Bell)

سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن پەخىرلىنىپ، مەۋھۇم دۇنيادىن بېشىمىزنى كۆتۈرەلمەي ئەتراپىمىزدىكى دوستلىرىمىزغا ۋاقىت ئايرىماسلىقىمىز، تاماق ئۈستىلىدە ئولتۇرغىنىمىزدا كەلگەن تاماقنى ئۈنتۈپ تېلېفون بىلەن بولۇپ كېتىشىمىز ھەتتاكى تاماق يېيىشنى ئۇنتۇپ قېلىشىمىز، تېلېفون ئېكرانىدىن بېشىمىزنى كۆتۈرەلمەي يېرىم كېچە بولۇپ كەتكىنىنى تۇيماي، تېلېفوننى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قېلىشىمىز ھەتتا تېلېفون ئويناپ كېچىلىرى ئۇخلىماسلىقىمىز، كېچىلىرى ئۇخلىمىغانىنىڭ ئۈستىگە ئەتىگىنى سەھەر تۇرالماي ھەپتە ئاخىرىدا چۈشكىچە ئۇخلىشىمىز، ھەپتە ئىچىدە بولسا دەرسكە كېچىكىشىمىز، تېخىمۇ خەتەرلىكى دەرس تاشلاپ يەنە تېلېفون ۋەياكى باشقا ئىنتېرنېت ئالاقە ۋاستىلىرى بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشىمىز قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ كەڭ كۆلەمدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز ۋە يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرنىڭ ھېچبىرىنى ئىجتىمائىي ھاياتىمىزدا يوق دەپ ئىنكار قىلالمايمىز. شۇنداق، ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا ئامېرىكىدىكى 45% نوپۇسنىڭ تېلېفونسىز ياشىيالمايدىغان ھالغا كەلگەنلىكى ئوتتۇرىغا چىققان. تېلېفونغا زىيادە بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن كېلىپ چىققان ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلار، ئاغرىپ قېلىۋاتقانلار قاتارلىقلارنى خەۋەرلەردىن ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز. ھەقىقەتەنمۇ ئەقلىي ئىقتىدارلىق قول تېلېفون باشلامچى بولۇپ، ئىنتېرنېتقا باغلانغان ھەرخىل ئالاقە ۋاستىلىرى خېروئىن خۇمارىدەك بىزنى خۇمار قىلماقتا. ئىجتىمائىي ئالاقە قوراللىرىغا زىيادە بېرىلىپ كېتىپ توغرا ئۇسۇلدا ئىشلىتەلمەسلىكىمىز، خام خىيال ۋە ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا باشچىلاپ شۇڭغۇپ كېتىشىمىز ئالتۇندەك ياشلىق دەۋرىمىزگە قىلىنغان خىيانەتكە ئايلانماقتا. زېھنىمىزنى ھەرۋاقىت مەشغۇل قىلىپ بىزنى چارچاتماقتا، تەپەككۇرىمىزنى چەكلىمەكتە، ھەربىرىمىزنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىنى تارايتماقتا. يالغۇزلۇقىمىزنى تۈگىتىشنى ئويلاپ، مەۋھۇم دۇنياغا قانچە كۆپ باغلانغانسېرى، خۇشاللىقنى ئىنتېرنېت دۇنياسىدىن تېپىشقا مەھكۇم قىلىپ، ئىنتېرنېت دۇنياسىدىكى بىز دىققەت قىلالمىغان بەزى پىكرىي ۋىرۇسلار ساغلام ئىدىيەمىزنى زەھەرلەش بىلەن بىرگە دەل ئەكسىچە بىزنى يېقىنلىرىمىزدىن يىراقلاشتۇرۇپ مەنىۋى بېغىمىزنى ئۈزۈپ تېخىمۇ يالغۇزلۇققا مەھكۇم قىلماقتا. ئولتۇرۇپ ئويناش، يېتىپ ئويناش، ئۆرە تۇرۇپ ئويناش قاتارلىق تېلېفون ئويناشنىڭ بۇ ئۈچ خىل ھالىتى ھەرىكەت مىقدارىمىزنى، تەپەككۇرىمىز ۋە مۇسكۇللىرىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى چەكلەپ، ئىممۇنىتېت كۈچىمىزنى تۆۋەنلىتىپ، كۆزىمىزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى چېكىندۈرۈپ سالامەتلىكىمىزگە ئاستا خاراكتېرلىك كېسەل سۈپىتىدە ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كەلمەكتە ۋە بۇلارنىڭ نەتىجىسىدە ياشلاردىكى روھسىزلىق، چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك، ئىنكاس تۆۋەنلىك، روھىي جەھەتتىن ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ھارغىنلىق قاتارلىق پسىخولوگىيەلىك كېسەللىك ئالامەتلىرىنىمۇ پەيدا قىلماقتا. قىسقىسى كۆپىنچىمىز ئۈچۈن ئەقلىي ئىقتىدارلىق قول تېلېفونلارنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپرەك بولماقتا. ئۇنداقتا بىز بۇ ئايرىلماس دوستىمىزنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى ۋە زىيانلىق تەرەپلىرىگە قاراپ چىقايلى.

**ئەقلىي ئىقتىدارلىق قول تېلېفوننىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى:**

1-بۇ ئۇزۇن قۇلاق خەت ئارقىلىق ياكى باشقىلاردىن ئېغىزاكى سۆزىمىزنى نەچچە ئايدا ئاران يەتكۈزەلەيدىغان يىراق مۇساپىنى يېقىنلاشتۇرۇپ نەچچە سېكۇنت ئىچىدە يەتكۈزىشىمىزگە، ھەتتا ئېكران ئارقىلىق بىر-بىرىمىزنى كۆرۈپ تۇرۇپلا پاراڭلىشىشقا قەدەر قولايلاشتۇردى.

2-ئىنتېرنېت بانكىسى، ھەرخىل بىلەت سېتىۋېلىش، رەسمىيەت بېجىرىش ئىشلىرىدا ئۆچرەت ساقلاش ۋە باشقا تەرەپلەردىن كۆپ ۋاقتلىرىمىز تېجەلدى.

**زىيانلىق تەرەپلىرى:**

1-تېلېفون ئىشلىتىش يېشى ئالتە ياشقا، تېلېفون ئويناش يېشى ئىككى ياشقا چۈشتى.

2- ئىنتېرنېت دۇنياسىدىكى بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ئالاقە ئەپ دېتاللىرىدىكى بىزگە پايدىلىق ۋە پايدىسىز بولغان رەڭگارەڭ ئۇچۇرلار دىققىتىمىزنى ئۆزىگە قارىتىپ، تەپەككۇر قابىلىيىتىمىزنى ئىشغال قىلىپ، بىزنى ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەپلەردىن چارچاتماقتا.

3- قول تېلېفونغا قاراش ئۈچۈن بېشىمىزنى تۆۋەن تەرەپكە ئەگكەنلىكىمىز ئۈچۈن باش ئېغىرلىقىمىز ئومۇرتقىمىزغا بېسىم پەيدا قىلىپ ئومۇرتقا، بويۇن ۋە باش ئاغرىقلىرىغا سەۋەب بولماقتا.

4- تېلېفون رادىئاتسىيەسى راك كېسەلى ۋە ھامىلىنىڭ چۈشۈپ كېتىش ئېھتىمالىنى كۆپەيتىپ، ھامىلدارلار ئۈچۈن زىيىنى بولماقتا.

5- قول تېلېفوندا يۇقىرى ئاۋازدا مۇزىكا تىڭشاش قۇلاق پەردىسى ۋە قۇلاقتىكى مېڭىگە تۇتاشقان ئاۋاز يەتكۈزۈش ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە زەخىملىنىشى بىلەن گاسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.

6- تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا ئەقلىنىڭ يېتىلىشىگە توسالغۇ كۆرسەتكەنلىكتىن ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ قوللانماسلىقى ئالاھىدە تەكىتلەنمەكتە.

7- قول تېلېفوندىن تارقىغان تېلېفون رادىئاتسىيەسى ئىنسانلارنىڭ گېن قۇرۇلمىسىغا تەسىر كۆرسىتىپ كەلگۈسى نەسىللەرنىڭ ساغلام دۇنياغا كېلىشىگە تەھدىت پەيدا قىلماقتا.

8- تېلېفوندىن تارقىغان رادىئاتسىيە يۈرەك كېسەللىكلىرىگە، مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ بۇزۇلۇشىغىچە يول ئاچماقتا.

9- ماشىنا ھەيدەۋېتىپ قول تېلېفون قوللىنىشتىن قاتناش ۋەقەسى كېلىپ چىقماقتا.

10- تېلېفون LED ئېكرانىدىن چىققان نۇر سەۋەبلىك كېچىلىك ئۇيقۇمىز كېچىكىپ، ئۇيقۇ سۈپىتىمىز ۋە سالامەتلىكىمىزدىن مەسىلىلەر چىقماقتا.

**قول تېلېفونىنىڭ زىيانلىرىدىن ساقلىنىش تەدبىرلىرى:**

1- يېتىشتىن بۇرۇن قول تېلېفونىنى بىر مېتىر يىراق ئورۇنغا قويۇش، مۇمكىن بولسا تاقىۋېتىش.

2- تېلېفونلاشقاندا ئۇزۇن پاراڭلاشماسلىق، مۇمكىن بولسا تىڭشىغۇچ ئارقىلىق تېلېفوننى قۇلاقتىن ئۇزاق تۇتۇپ پاراڭلىشىش.

3- كومپيۇتېر، قول تېلېفون قاتارلىق ئەسۋابلارنى كىچىك باللارنىڭ ئىشلىتىشىگە بەرمەسلىك.

4- قول تېلېفون ۋە ئىنتېرنېتنى قوللىنىشتا ئۆزىنى كونترول قىلىشقا ئىرادە يېتىلدۈرۈش، ۋاقىتنى پىلانلىق ئۆتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، مۇمكىن بولسا بۇ توغرىسىدا تەلىم-تەربىيە ئېلىپ ھايات تەرتىپىنى رەتلەش.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا خۇلاسە شۇكى، قول تېلېفون ھاياتىمىزنى قولايلاشتۇرغان تېخنىكا دەۋرىنىڭ بىزگە بەرگەن بىر ھەدىيەسى، لېكىن قول تېلېفونغا زىيادە بېرىلىپ كېتىشتىن كېلىپ چىققان زىيان بىزگە ئېلىپ كەلگەن پايدىسىدىن كۆپ بولماقتا. ئالتۇندەك ئوقۇش، ئىزدىنىش دەۋرىمىزدە بىزنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىمىزنى ئوغرىلاپ، بىزنى خۇمار قىلىپ، ئۆگىنىش نەتىجىمىزنىڭ تۆۋەنلىشىگە، ساغلاملىقىمىزنىڭ چېكىنىشىگە يول ئاچماقتا. ئىنتېرنېت دۇنياسىدىكى ئەخلەت مەزمۇنلار ئېتىقاد ۋە ئەخلاقىمىزنى بۇزماقتا. شۇڭا ئەزىز دوستۇم! بۇ نۇقتىلارغا سەل قارىماستىن بېشىمىزنى كۆتۈرەيلى! پۇكۇلگەن قەددىمىزنى رۇسلايلى! ھاياتىمىزنىڭ بۇ قىممەتلىك دەملىرىدە قول تېلېفون، كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېتنى توغرا بىر شەكىلدە، ئىستىقبالىمىزغا پايدىلىق بىر يۆنىلىشتە توغرا قوللىنىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلايلى! ساپ ھاۋادىن قانغۇدەك نەپەسلىنىپ، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇر ئېلىشنى، ھاياتىمىزنى قەدىرلەشنى، رەقەملىك مەۋھۇم دۇنيادىن ھالقىپ چىقىپ ئەتراپىمىزدىكىلەرگە مېھرىمىزدىن، قەلب تۆرىمىزدىن ئورۇن بېرىشكە سەل قارىمايلى! ئاخىرىدا قەلەم قۇۋۋىتىمنىڭ ئاجىزلىقىدىن كۆتكىنىڭلاردەك يازالمىغان بولسام تېخىمۇ ياخشى يېزىشقا تىرىشىدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە ھەممىڭلارغا يازمام ئارقىلىق كۆڭلۈمدىن سالام يوللايمەن ۋە بوۋىسى دوستۇمغا، دوستۇم ماڭا ھەدىيە قىلغان تۆۋەندىكى بىر كۇپلېت قوشاقنى يازمامنى ئوقۇغان دوستلىرىمغا تەقدىم قىلىش بىلەن بۇ ماقالەمنى ئاياغلاشتۇرماقچىمەن.

***ياشلىقتا تۇت ئۆزۈڭنى، گۈلۈڭ كۈندە ئېچىلماس.***
***پۇشايماننىڭ قاچىسى، قېرىغاندا تېپىلماس.***

# مەغرۇر ياشايمەن

ئەگمەيمەن بېشىمنى ياپراق چۈشسىمۇ،
دەرەخمەن نەچچە يىل يىلتىزى تارتقان.
توختىماي رەھىمسىز جۇتلار سوقسىمۇ،
توغراقتەك ياشاشقا بەلنى باغلىغان.

شېخىمدىن يوپۇرماق ئۈزگەندە ئۇلار،
زەپەر دەپ خۇشلۇقتىن قىلار تەنتەنە.
زەردەمنى قاينىتىپ دولقۇنلار ياساپ،
كۆچ بېرىمەن غورۇرىدىن دائىم يۈرەككە.

ئۈمىدنى ئۈزمىسەم كېلەر نەۋباھار،
مۇدھىش ھاۋالار ھەر يان تارقىلىپ.
مەن ئۇيغۇر قىزىمەن مەغرۇر ياشايمەن،
قالسامۇ ھەتتاكى جاندىن ئايرىلىپ.

- زىيابىلىگ -

نويابىر/2015

# «كارامەت رەسسام»

مەنمۇ رەسىم سىزىپ باقاي دېدىم.

قۇياشنى سىزدىم مىدىرلىمىدى،

يۇلتۇزنى سىزدىم چىمىرلىمىدى،

دېڭىزنى سىزدىم قىمىرلىمىدى،

ئەي شاھۇ ئالەمىي...

ساڭا مىڭ مەرتە تەسلىم بولۇپ

مەن رەسساملىقنى تاشلىۋەتتىم.

- زىيابىلىڭ -

ئىيۇل/2019



# مېنىڭ كەسپىم

چۈنكى ئۇ ئادەم تەربىيەلەيدىغان كەسىپ بولۇپ، ھېچبىر كەسىپنىڭ ئاسان بولمىغىنىدەك ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىمۇ ھېچقاچان ئاسان بولمىغان، زاماننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ قىيىنلىشىپ ماڭىدۇ. ھېلىھەم ئانا يۇرتىمىزدىن يىراق، غېرىبلىق ئىچىدە ئۆتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈنىمىزدە ھەم قىيىن بولغان، ھەمدە كەم بولسا بولمايدىغان تولىمۇ مۇھىم بىر كەسىپ ھېسابلىنىدۇ. بىز كەلگۈسىمىزنى پارلاق قىلىمىز دەيدىكەنمىز، ئىشنى ئالدى بىلەن مائارىپتىن باشلىشىمىز كېرەك. ئوقۇتقۇچى بولمىغان يەردە كۈچلۈك مائارىپنى قانداقمۇ بەرپا قىلغىلى بولسۇن؟!

بۇ كەسىپنى تاللىغۇچىلاردا بولمىسا بولمايدىغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمىغا كەلسەك، تاللىغۇچىنىڭ ئوقۇتقۇچى بولۇشنى جان دىلىدىن سۆيۈشى، ئۇنى قانداقتۇر بىر ۋەزىپە ئەمەس، بەلكى قىزىقىشلىرى قاتارىدىن كۆرۈشى. ئۇنداق بولمايدىكەن ئۆزىگە، ھەممىدىن خەتەرلىكى كەلگۈسىدىكى بىگۇناھ ئوقۇغۇچىلىرىغا بىلىپ-بىلمەي زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئوقۇغۇچى دېگىنىمىز بىر خام ماتېرىيالغا ئوخشايدۇ، ئوقۇتقۇچى ئۇنى قايسى شەكىلگە كەلتۈرسە، ئۇمۇ شۇنىڭغا كىرىدۇ. كۆڭۈل قويۇپ قىلىنمىغان ئىشتىن قانداقمۇ بىر سەنئەت ئەسىرى كېلىپ چىقسۇن؟!




ئوقۇش ھاياتىمىزدىكى ئەڭ قىيىن ۋە ئەڭ مۇھىم نۇقتىلاردىن بىرى كەسىپ تاللاش دېسەك خاتالاشقان بولمايمىز. مانا بۇ تاللىشىمىز ئارقىلىق ئۆمۈرلۈك يول خەرىتىمىز سىزىلىشى مۇمكىن؛ چۈنكى بۇ تاللاش ھازىرقى ھاياتىمىزغىلا تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، يېقىن ۋە ئۇزاق كەلگۈسىمىزدىمۇ ئالاھىدە رول ئوينايدۇ.

ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى ئەبۇ ھامىد ئەلغەززالىينىڭ تەرىپلىگىنىدەك «كەسىپلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكىدۇر»؛

ئوقۇتقۇچىنىڭ ۋەزىپىسى، جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك دەرسنى دوسكىغا يېزىش، ئوقۇتۇش، يادلىتىش، تاپشۇرۇق بېرىش، ئۇنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ قالماستىن، ھالبۇكى ئالاھىدە ئۇسلۇب ۋە قائىدىلەر ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا بولغان ئالاھىدىلىكلەرنى قېزىپ چىقىش، ئۇلارنى جارى قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىش، ئۇلاردا كۆرۈلىدىغان ئۆگىنىش ۋە ئالاقە ئىقتىدارلىرىدىكى كەمچىلىكلىرىنى تېپىش، شۇنىڭغا مۇناسىپ مائارىپ ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ ھەل قىلىشقا ياردەمدە بولۇش، ئۆزگە ئىشىنىدىغان، يېڭىلىق ئوتتۇرىغا قويالايدىغان، بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇققاندا يىقىلىپ قالماستىن سەۋەبىنى ئىزدەپ، ھەل قىلىپ ئورنىدىن دەس تۇرالايدىغان بىر ئەۋلاد يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنى توغرا بىر شەكىلدە قىلالىشىمىز ئۈچۈن، دەرسلەرنىڭ ئارىسىدا (مائارىپ بىلىمىگە كىرىش، تۈركىيە مائارىپ تارىخى، مائارىپ پرىنسىپى ۋە مېتودلىرى، مائارىپ تېخنىكىلىرى ۋە ماتېرىيال لايىھىلەش، كەسپىي مائارىپ ئۇسلۇبلىرى، پېداگوگىكا پسىخولوگىيىسى، رەھبەرلىك، كۆچلۈك ئالاقە ئىقتىدارلىرى، سىنىپ باشقۇرۇش، ئىنسان ھەقلىرى ۋە دېموكراتىيە، سېلىشتۇرما مائارىپ، ئىلمىي تەتقىقات مېتودلىرى....) دېگەندەك دەرسلەرمۇ مەۋجۇت.

بۇنىڭدىن سىرت كەسپىنى ئوقۇپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ تەيىنلەنگەندە قىينىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن پراكتىكا دەرسلىرىمۇ بولىدۇ. 3-يىللىقتا ئىختىيارىي، 4-يىللىقتا مەجبۇرىي بولۇپ ئاز دېگەندە بىر يىلغا يېقىن پراكتىكا قىلىش پۇرسىتى بار. پراكتىكا قىلىش ئارقىلىق ئوقۇتقۇچى نامزاتلىرى ئۆزلىرىنىڭ قايسى جەھەتتە ئاجىز ئىكەنلىكلىرىنى بايقاپ، دەل ۋاقتىدا تۈزىتىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ.

ئاخىردا ماڭا مېھىر-مۇھەببىتى بىلەن بىلىم سىڭدۈرگەن بارلىق ئوقۇتقۇچىلىرىمغا رەھمىتىمنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى تاللاش ئارقىلىق، پارلاق كەلگۈسى بەرپا قىلىشقا تۆھپە قوشۇشنى خالىغان بارلىق ساۋاقداشلىرىمغا، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىكى ھەرخىل كەسىپلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئۇتۇق تىلەيمەن.




ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ چوڭ غېمىدىن بىرى كەسىپ تاللاش بولسا كېرەك. بىر كەسىپنى چۈشەنمەستىن تاللاپ، ئوقۇش باشلىغاندىن كېيىن كەسىپنى ياقتۇرمىغانلىقتىن داۋام قىلىشنى ياكى ۋاز كېچىشنى بىلەلمىگەنلەر ئاز ئەمەس. بۇ ماقالە سېستىرالىق قانداق كەسىپ، تۈركىيەدە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قانداق، قايسى پەنلەردە ئاساسى بولغاندا دەرسلەردە قىينالماي ئوقۇپ كېتەلەيدۇ قاتارلىق بىر قاتار سوئاللارغا جاۋاب بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى سېستىرالىقنى ساغلاملىق بىلىملىرى كاتېگورىيەسىدىن چىقىرىۋېتىپ كېسەل باققۇچى ئورنىدا قارايدىغان ئۇقۇمنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

بىر كەسىپنىڭ كەسىپ بولۇپ تۇرالىشىنىڭ ئاساسلىق شەرتلىرىدىن بىرى خەلقنىڭ ئۇ كەسىپكە قارىتا ئېھتىياجىنىڭ بولۇشىدىن ئىبارەت. سېستىرالىق شەخس، ئائىلە ۋە خەلقنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ۋە ياخشىلاش، كېسەللەرنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە بىر تۈركۈم خىزمەتلەرنى پىلانلاش، تەرتىپلەش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمەتلىرىنى قىلىدىغان خادىملارنىڭ مائارىپ ۋە سەنئىتىگە مەسئۇل سەھىيە كەسپى. سېستىرالار بىمارلارنىڭ ھەرۋاقىت كېسەللىك ئەھۋاللىرىنى كۆزىتىش بىلەن بىرگە ئاغرىقنى

پەسەيتىش ئۈچۈن جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ياردەم بېرىدۇ. دوختۇر بىلەن ھەمكارلىشىپ، كۆرسەتمىسى بويىچە داۋالاشنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان ساغلاملىق خىزمەتلىرىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئەزاسىدۇر.

سېسترالىقنىڭ كەسىپ ئىكەنلىكىنى، مۇھىملىقىنى ۋە رولىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن فلورېنس نايتىنگېيل (Florence nightingale)ئوسمانىيە ئىمپېراتورلۇقى بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن قىرىم جېڭىدە ئەسكەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتىنى40% تىن 2% كە چۈشۈرگەن ۋە سېسترالىقنىڭ يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويۇشىغا تۈرتكە بولغان فلورېنس نايتىنگېيل 1820-يىلى 12-ماي ئەنگلىيەنىڭ نوپۇزلۇق ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ پەلسەپە، تارىخ، تىل، سىياسەت، سەنئەت ۋە دىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان مائارىپتا تەربىيەلەنگەن بولۇپ 13 يېشىدىن باشلاپلا نامرات، ئاجىز ۋە ياردەمگە موھتاج كىشىلەرگە ياردەم قىلغان، 20 يېشىدا سېسترالىقتا ئوقۇشقا باشلىغان ۋە سېسترا بولۇپ ئىشلىگەن ۋە 1851-يىلى ئائىلىسىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماستىن گېرمانىيەگە ئوقۇشقا بارغان. 1854-يىلى ئىستانبۇلغا كەلگەن. قىرىم جېڭىدە ئەسكەرلەرنىڭ داۋالىنىشىغا ياردەم بېرىش بىلەن بىرگە بىر قىسىم كىشىلەرگە سېسترالىق ساۋاتلىرىنى ئۆگەتكەن. خەلقئارادا يېڭى دەۋر سېسترالىقنىڭ ئاساسچىسى فلورېنس نايتىنگېيلنى ئەسلەش يۈزىسىدىن 12-ماي كۈنىنى «دۇنيا سېسترالار بايرىمى» قىلىپ بېكىتكەن.

بىزنىڭ تارىخىمىزدىكى شەپقەت ھەمشىرىسى دەپ تەرىپلەنگەن رىزۋانگۈلنىڭ تارىخقا قارايدىغان بولساقمۇ، سېسترالىق كەسپىگە بولغان ھۆرمىتىمىز ئاشىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلىنىپ ئالتىنچى كۈنى، رىزۋانگۈل بىرقانچە دوستلىرى بىلەن پىدائىي بولۇپ جەڭگە قاتناشقان ۋە ھەمشىرە قىزلارغا :«دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان ۋەتەننىڭ ئوغلانلىرى بولسا، بىزمۇ ۋەتەننىڭ قىزلىرى» دەپ ئۇلارنى مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغان. 1945-يىلى 13-يانۋاردا ھەرەمباغ ئەتراپىدىكى شىددەتلىك جەڭدە، يارىلانغان ئۈچ جەڭچىنىڭ يارىسىنى تېڭىپ بىخەتەر جايغا ئاپىرىۋېتىپ، ئارقىغا قاراپ خەۋپلىك جايدىكى تۆتىنچى جەڭچىنىڭ يېنىغا كېتىۋاتقاندا دۈشمەن ئاتقان ئەجەللىك ئوق بېشىغا تېگىپ 19 يېشىدا شېھىت بولغان ۋە ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان.

يۇقىرىقى قەھرىمانلارنىڭ ھاياتىدىن سېسترالىقنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلالىشىمىز قىيىن ئەمەس. تۈركىيەدە سېسترالىق بۆلۈمى 4 يىل بولۇپ، بىيولوگىيە ۋە خىمىيەدىن ئازراق ئاساسىي بولسا، دەرسلەردە قىينالماي ياخشى ئوقۇپ كېتەلەيدۇ. بىرىنچى سىنىپنىڭ ئىككىنچى مەۋسۇمدىن باشلاپ پىراكتىكا قىلىش باشلىنىدۇ. ھەر مەۋسۇمدا ئوخشاش بولمىغان بۆلۈملەردە پىراكتىكا قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئىچكى كېسەللىكلەر دەرسىدە ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە، بالىلار كېسەللىكلىرى دەرسىدە بالىلار بۆلۈمىدە پىراكتىكا قىلىنىدۇ.

سېسترالىق ئوقۇشتىكى ئەڭ قىيىن تەرەپلەردىن بىرى پىراكتىكا قىلىش جەريانى. مەن سېسترالىق بۆلۈمى، ئىككىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىسى. يېڭى پىراكتىكا باشلىغان ۋاقىتتا، ئەتىگەن سەككىزدىن كەچ سائەت تۆتكىچە، يات ۋە يېڭى مۇھىتتا پىراكتىكا قىلىش ئاسان بولمىدى، ھەتتا ۋاز كېچىشنىمۇ ئويلىغان ئىدىم. ئەمما ئارىدىن بىر مەۋسۇم ئۆتۈپ كەتتى، دەرسلەردە بەزى نەزەرىيەلەرنى ئۆگەندۇق، دوختۇرخانىدىمۇ تەجرىبىگە ئىگە بولدۇق. ئاغرىق ئازابىدىن قىينىلىۋاتقان بىمارلارغا كىچىك ئىشلاردا ياردەم قىلساق، ئۇلاردىكى مەمنۇنىيەتكە قاراپمۇ كەسپىمىزدىن رازى بولىمىز ۋە پەخىرلىنىمىز.

ئەڭ ئاخىرىدا مەيلى قايسى كەسىپتە ئوقۇيلى نىشانىمىز بىر بولغان ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ ئوقۇش ھاياتىغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

ئەگەر ياقتۇرغان بولسىڭىز،
كېيىنكى ساندا سىزمۇ
بىزگە ئۆزىڭىزنىڭ كەسپى
ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ!



# ئۈيلىغانلىرىم

ئىبراھىم ئابدۇفىينى

ساباھەتتىن زائىم ئۇنىۋېرسىتېتى
ئىسلام بىلىملىرى ئوقۇغۇچىسى

بىزنى ئىسلام بىلەن شەرەپلەندۈرگەن، بىزگە توغرا يولنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن، ۋە بۇ يولدا مىڭ يىلدىن بېرى مۇستەھكەم تۇرۇشنى نېسىپ قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن. ۋە ھەرخىل پاتقاقلارغا پېتىپ قالغان پۈتۈن ئىنسانىيەتنى بىردىنبىر چىقىش يولى بولغان ئىسلامغا دەۋەت قىلغۇچى، بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ۋ سالاملار بولسۇن. توغرا يولدا بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئەزىيەت تارتقان ۋە يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، ۋە بۇ ھىجرىتى بىلەن يېڭى بىر ئالتۇن دەۋرنىڭ باشلىنىشىغا سەۋەب بولغان ساھابىلەرگە ۋە بۇ يولدا ئۇلارغا ياردەمچى بولغان، ھېچنېمىسىنى ئايىمىغان ئەنسارلارغا دۇئا ۋە سالاملار بولسۇن.

بۈگۈن مانا ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىۋېرسىتېتىمىزدا شەپەق ژۇرنىلىمىزنىڭ چىقىش ئالدىدا تۇرغان تۇنجى سانى ئۈچۈن، مەنمۇ بىر ئوقۇغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بىلىم سەۋىيەم مۇكەممەل بولمىسىمۇ ئاجىز قەلىمىم بىلەن ئۆزۈم ئويلىغان ۋە ھېس قىلغان بەزى چۈشەنچە پىكىرلىرىمنى ھەرقايسىڭلار بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە قەلەمنى قولۇمغا ئالدىم.

ھەممەيلەنگە مەلۇم ھەربىرىمىز ۋەتەندىن بۈيۈك ئارزۇ-ئارمانلار بىلەن جان جىگەر يۈرەك-پارىلىرىمىزنى تاشلاپ نۇرغۇن ماددىي ۋە مەنىۋى بەدەللەرنى تۆلەپ ھىجرەت قىلىپ چىقتۇق. ئەمما بىز بۇيەرگە چىققاندىن كېيىن ئاشۇ

بۈيۈك غايىلىرىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا قانچىلىك ئىزدەندۇق؟ قانچىلىك تىرىشتۇق؟ دىنىمىزغا، مىللىتىمىزگە ۋە ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىمىزغا يۈزكېلەلىگۈدەك قانچىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىدۇق؟ بۇ سوئاللارنى ئۆزىمىزگە قويغىنىمىزدا ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنىمىز. يۈرىكىمىز ئېچىشىدۇ. ۋەتەندىكى ئەھۋالىمىز بىلەن بۇ ئەركىن دۇنيادىكى ئەھۋالىمىزدا كۆپ پەرق بولمىغان ھالدا كېتىپ بېرىۋاتقىنىمىز بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

قۇرئان بىردىنبىر چىقىش يولى دېگەن ئىكەنمىز ۋە بۇنى چىن قەلبىمىزدىن تەستىقلىغان ئىكەنمىز، بۇ كىتابنى ياخشى چۈشىنىشىمىز ۋە بۇ ھەقتە پىكىر قىلىشىمىز كېرەك. كۆنىمىزگە قارايدىغان بولساق ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا بىز قۇرئانغا چىڭ ئېسىلمىغانلىقىمىزدىن مۇشۇ كۈنگە قالدۇق دەيدىغان بىر يادلىۋالغان شوئار بار. توغرا، شۇنداق. ئەمما بۇ يەردىكى چىڭ ئېسىلىش نېمىنى كۆزدە تۇتىدۇ؟ ئەگەر چىڭ ئېسىلمىغان بولساق دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ئىچىدىكى قارى ئەڭ جىق چىقىدىغان مىللەت بولۇپ ئاتىلارمىدۇق؟ مەيلى تۈركىيەدە بولسۇن، مەيلى ئەرەب دۆلەتلىرىدە بولسۇن، مەن كۆرگەن ئۇيغۇرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قارى ئىكەن، دېگەن باھالار يالغانمىدى؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس، بىز بىر مەزگىل پەقەت قۇرئاننىڭ تىلاۋەت قىسمىغىلا ئەھمىيەت بېرەلىدۇق. ھەتتا ۋەتىنىمىزدە قۇرئان كەرىم نەزىر-چىراغ ۋە ئۆلۈم-يېتىملەردىلا ئوقۇلىدىغان بىر مۇراسىم تۈرىگە ياكى ئادەت شەكلىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. مەن بۇ يەردە ئۇلارنى تامامەن خاتا دېمەكچى ئەمەس، ئۇ پەقەت قۇرئاننىڭ تىلاۋەت تەرىپى خالاس. ھالبۇكى، پەيغەمبىرىمىز دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلار پۈتۈن ھاياتىدا قۇرئاننى ياشاش ئۆلچىمى قىلغان ئىدى. قۇرئاننىڭ ھەربىر يوليورۇق، بۇيرۇق–چەكلىمىلىرى، روشەن مەنىلىرى، قۇرئاننىڭ ئاخىرەت ۋە ئاخىرەت كۆرۈنۈشلىرى ھەققىدىكى قەلبنى جىغىلداتقۇدەك بايانلىرى، قىسسەلىرى، تەمسىللىرى ۋە ئۇنىڭدىكى ئاللاھنىڭ چەكسىز مۆجىزىلىك قۇدرىتىنى دائىم ئەسلىتىشلىرى، مانا مۇشۇلار ئۇلارنىڭ روھىنى ئېنېرگىيەگە تولدۇرۇپ ئۇلارنى قۇرئاننىڭ مەنىسىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەرىكەتلەندۈرگەن ئىدى. ئۇلار بۇ ئىلاھىي يوليورۇقنى نوقۇل تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن ياكى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئوخشاش ئۇنىڭ بالاغىتىدىن ئېستېتىك زوق ئېلىش ئۈچۈن ياكى روھىيىتىنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئەللەيلىتىپ روھىي تەسەللىي تېپىش ئۈچۈنلا ئوقۇمايتتى. بەلكى چۈشەنگەن ھامان ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئىجرا قىلىشقا باشلايتتى. قۇرئاننى ئوقۇش بىلەن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى بىردەك ئېلىپ باراتتى. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:- «مەن بىر مەزگىل (پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋرىدە) ياشىدىم، بۇ مەزگىلدە قۇرئان ئۆگىنىلىشتىن بۇرۇن ئىمان ئۆگىتىلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر ئايەتتىن ئون ئايەتكىچە ۋەھىي نازىل بولاتتى. بىز بۇ ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەن ھالال-ھارام ھۆكۈملەرنى، يوليورۇقلارنى ئۆگىنەتتۇق. ئۇ مەزگىلدىن كېيىن، بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئىماندىن بۇرۇن قۇرئان ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم».

> **ياخشىلارنىڭ كۆپلۈكى يەتمەس**
> **بۆگۈن ئۈممەت دەردىگە،**
> **چىقماي تۇرۇپ قالتىسلار،**
> **باقالمايمىز ھۆرلۈك شەنىگە.**
>
> -ئىمران سادائىي

دېمەك، قۇرئاننى فاتىھەدىن ناسقىچە ئوقۇيمىزيۇ، نېمىگە بۇيرۇغانلىقىنى، نېمىدىن توسقانلىقىنى، نېمىدىن ئاگاھلاندۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيمىز. قۇرئاننىڭ يوليورۇقلىرىنى پۇچەك خورمىنى تاشلىغاندەك تاشلىۋېتىمىز.

يەنىلا تارىخقا قارايدىغان بولساق، پەيغەمبىرىمىزدىن مۇشرىكلار تاغلارنى يۆتكەش، ئۆلۈكنى گەپ قىلدۇرۇش، يەرلەرنى يېرىش قاتارلىق مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلغاندا ئاللاھ تائالا ئۇ مۆجىزىلەرنى بېرىشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ كاتتا ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان ۋە قىيامەتكىچە ئەبەدىي قالىدىغان بۈيۈك مۆجىزە بولغان قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلىپ بەردى. نادان ئادەملەر يۇقىرىقىدەك مۆجىزىلەرنى چوڭ بىلگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە قۇرئاننىڭ مۆجىزىسى ئۇنىڭدىنمۇ

ئۇلۇغۋار ئىدى. قۇرئاننىڭ ۋەزىپىسى مۇكەممەل «ئىنسان» يېتىشتۈرۈش ئىدى. مانا بۇ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇلار تەسەۋۋۇر قىلغان مەزكۇر نەرسىلەردىنمۇ ئۇلۇغۋار ئىش.

بىز يىللاردىن بېرى ئوقۇپ يادلاپ كېلىۋاتىمىزيۇ، قۇرئان كەرىم يېتىشتۈرمەكچى بولغان ئىنسانلاردىن بولالىدۇقمۇ يوق؟ دۇچ كەلگەن مەسىلىلىرىمىزدە قۇرئانغا مۇراجىئەت قىلالىدۇقمۇ يوق؟ قۇرئان ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنالىدۇقمۇ يوق؟ بۇنى بۈگۈن ئۆزىمىزدىن سوراشقا سەل قارىدۇق. ئۆز-ئۆزىمىزنى خۇش قىلىپ پەپىلەيدىغان، شېرىن-شېكەر سۆزلەر بىلەن ئەللەيلەندۇق. بۇنىڭ نەتىجىسىنى ھازىر ھاياتىمىزدا كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

ھازىرقىدەك مۇسۇلمانلارنىڭ سانى بىر مىلياردتىن ئاشقان ۋە سان جەھەتتە كۆپەيگەن بىر شارائىتتا ئارىمىزدا ياخشىلار كۆپ بولسىمۇ قالتىسلارنىڭ ئازلىقى بىزنى ھەقىقەتەن پەرىشان قىلدى ئەلۋەتتە.

ئەزىز قېرىنداشلار! بىزنىڭ غايىمىز، ئارزۇيىمىز پەقەتلا ياخشى ئىنسان بولۇشلا بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئەھۋال بىزنىڭ يارىلىرىمىزغا شىپا، دەردلىرىمىزگە داۋا بولالمايدۇ. چۈنكى بىز دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلە ئىنتايىن جىددىي ۋە بۇ ياخشىلارنى ئەمەس قالتىسلارنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز ئەمەلىيلىكتە ئەقلىمىز بىلەن رېئاللىققا يۈزلىنىپ، بۈگۈنكى مەغلۇبىيەتنى ئەتىدىكى غالىبىيىتىم دەپ تونۇيدىغان، ھازىرقى يىقىلىشنى ئەتىدىكى يۈگۈرۈشۈم دەپ بىلىدىغان، زىددىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرماي زىددىيەتنى ھەل قىلالايدىغان ھەقىقىي قابىلىيەتلىك، قالتىس كىشىلەردىن بولۇش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىشىمىز كېرەك. بىزدە ھازىر تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىدسىزلىك، ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىق تۆۋەنلىگەن ھالەتتە، بولۇۋاتقان ئىشلار ھەققىدە ئۇھ تارتىپ، سەۋەبلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا يۈزلەنمەسلىكىمىزنىڭ ھېچبىر پايدىسى يوق. بىز ساپا جەھەتتىن ئۆزىمىزنى ھازىرلىماي تۇرۇپ باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىنى تاما قىلىشقا بولمايدۇ. يەنى «جەڭچى بولۇشقا سالاھىيىتىمىز توشماي تۇرۇپ، گېنېراللىقتىن تاما قىلىشقا بولمايدۇ».

نۆۋەتتە بىز ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى چۈشىنىشتىن باشلىشىمىز كېرەك. بېشىمىز ئاغرىسا قورسىقىمىزنى سىلاپ، قورسىقىمىز ئاغرىسا بېشىمىزنى سىلاپ غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئەللەيلىنىۋېرەمەستىن، ۋەتىنىمىزگە بولغان قايغۇ-ھەسرىتىمىزنى، دۈشمەنلىرىمىزگە بولغان نەپرىتىمىزنى ئەمەلىي كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، باشقىلار سەككىز سائەت ئۆگەنسە، بىز ئون ئىككى سائەت ئۆگىنىشىمىز، بولۇپمۇ ھازىرقىدەك مائارىپ ۋە ئىلىم-پەندە قەد كۆتۈرۈش شەرت بولۇۋاتقان ھالقىلىق، تەخىرسىز ۋەزىيەتتە مەن ئۈممەتكە، مىللەتكە نېمە ئىش قىلىپ بەردىم؟ ھازىر نېمە ئىش قىلىپ بېرىۋاتىمەن؟ ۋە بۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىش قىلىپ بېرىمەن؟ ۋە قىلىپ بېرەلەيمەن؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ھەر ۋاقىت ئەستايىدىل ئويلىنىپ يېڭىچە قەدەم، يېڭىچە روھ، يېڭىچە پىلان ۋە يېڭىچە تەپەككۇر بىلەن ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىپ ۋەتىنىمىزنىڭ ھەقىقىي ئىزباسارلىرىدىن بولۇشىمىز شەرت.

ئاخىرىدا ئاللاھتىن ئۆزۈمنىڭ ۋە پۈتۈن قېرىنداشلىرىمنىڭ توغرا يول ئۈستىدە مۇستەھكەم بولۇشىنى ۋە ئىلمىنىڭ زىيادە ۋە مەنپەئەتلىك بولۇشىنى تىلەيمەن.



سۆھبىتىمىز كېيىنكى ساندا داۋام قىلغۇسى...

## ھەر ئىش ئوقۇش دەۋرىدە باشلىنىدۇ

ئوقۇش دەۋرىدە باشلانغان ئىش ئوقۇشتىن كېيىن راۋاج تېپىپ گۈللىنىدۇ. چۈنكى بۇ دەۋر، ئىنسانىنىڭ زېھنى ئوچۇق، تەن سالامەتلىكى جايىدا، ھاياجىنى ئۇرغۇپ تۇرغان، ۋاقتى تامامەن ئۆزىنىڭ ئىلكىدە بىر دەۋردۇر. شۇڭا دۆلەتلەرنىڭ ئاساسى بولغان تەشكىلات-پارتىيەلەرمۇ مەكتەپتە بىخلىنىدۇ. ھاياتىمىزدىكى ئىنقىلاپمۇ مەكتەپتە باشلىنىدۇ. بۇ بىر رىئالىق... ئەمما بىز ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمىزنى پەقەت ئوقۇشقىلا بېغىشلاش، ئوقۇشتىن باشقا ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق...دېگەندەك ھەر خىل باھانە-سەۋەبلەر تۈپەيلى چەتئەلدىكى ئوقۇغۇچىلار قوشۇنىمىز يىللارچە ئۆزىنى تەشكىللىيەلمىدى. نەتىجىدە تالانتىنى جارى قىلدۇرۇشقا، بىلگەنلىرىنى خەلقى بىلەن ئورتاقلىششقا پېتىنالمىدى ياكى ئۇرۇنمىدى. 2017-يىلى باشلانغان قاباھەتلىك كۈنلەر بىزنى سەگىتكەنگە قەدەر كۆپچىلىكنىڭ ھالى مانا مۇشۇنداق داۋام قىلغان ئىدى.

مانا ئەمدى قېرىنداشلىرىڭىز سەھنە ھازىرلاپتۇ، بىلگىنىڭىزنى، ئۆگەنگەنلىرىڭىزنى، ئويلىغانلىرىڭىزنى ئۆز تىلىڭىز بىلەن ئىپادىلەپ، تىلىڭىزنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشقا، خەلقىڭىزگە بىلىمىڭىزنى ئۇدۇللۇق يەتكۈزۈپ كەلگۈسىنىڭ ئۇلىنى سېلىشقا، ھازىردىن خەلقىڭىزنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كىرىشكە سەھنە ھازىرلاپتۇ. مانا زۇلمەتلىك تۈندىن كېيىنكى نۇرنىڭ بىشارەتچىسى «شەپەق» سىزنى، بىزنى ھەممىمىزنى كۈتۈۋېتىپتۇ! قول-قولچە قوللايلى، يازايلى، يايايلى! ئوقۇغۇچىلار قەلىمىدىن تۆكۈلگەن گۆھەرلەر بىلەن بۇ شەپەقنى نۇرغا ئايلاندۇرايلى.

-دوكتور ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

## «شەپەق» ژۇرنىلىغا بېغىشلىما

«ئەزىز ئانا ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي مەۋجۇدىيىتىمىزنى زۇلمەت قاپلاپ كەتكەن بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە، مۇھاجىرەتتىكى ئوقۇغۇچى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئىلمىي تالانت ۋە قابىلىيەتلىرىنى ئانا تىلىدا جارى قىلدۇرۇش يولىدىكى يېڭى قەدىمى «شەپەق» ژۇرنىلى، بىز ئۈچۈن تاڭ شەپىقى بولۇپ قالغۇسى!»

-دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ